# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

'99 7




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسى بويىچە تۈت باسقۇچلۇق خىزمەتنى تاماملىدى



سۈرەتتە: «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ تۆتىنچى باسقۇچلۇق ئۆگىنىشنى خۇلاسىلاش يىغىنى مەيدانى

4 - ئايدىن 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، مەركەز ئەۋەتكەن كۆزىتىش گورۇپپىسىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن، ئەستايىدىل تۈزىتىش روھى بويىچە «ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش» نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىللى تەربىيىسى بويىچە تۆت باسقۇچلۇق ئۆگىنىشنى تولۇق تاماملىدى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



پارتگورۇپپا شۇجىسى ھامىدىن نىياز خۇلاسىلاش يىغىنىدا سۆز قىلدى.



پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى فېڭزى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا پارتگورۇپپىسىنىڭ «3 كە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىدىن خۇلاسە دوكلاتى بەردى.

## ئەرەپ يەمەن جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتىنىڭ باشلىقى ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولدى

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئابدۇللا. بىن. ھۈسەيىن. ئەخمەر باشچىلىقىدىكى ئەرەپ يەمەن جۇمھۇرىيىتى پارلامېنتى ۋەكىللەر ئۆمىكى 5 - ئىيۇندىن 7 - ئىيۇنغىچە ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، مۇئاۋىن مۇدىرى شۈپېڭ ۋە باش كاتىپ مەھەممەت ئىسمايىل مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى.



مۇدىر ھامىدىن نىياز مېھمانلار بىلەن بىللە تەڭرىتاغ تۈرلۈكماللار سودا سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە



مۇدىر ھامىدىن نىياز ئايرودرومدا مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى.

لۇۋاڭخاۋ فوتوسى

# پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىينىڭ رولىنى جارى قىلدۇرايلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

مەملىكەت بويىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 78 يىللىقى تەبرىكلىنىۋاتقان خۇشاللىق كۈنلەردە، خەلق قۇرۇلتىيى سىپېدىكى كادىرلار خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىدىن پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنىڭغا تايانغاندىلا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتا.

خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنىڭ ئورگانىك بىرلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. پارتىيىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوللاشتىن ئىبارەت. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى تەشكىلىي شەكلىدۇر. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرگەندە، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرغىلى ، پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن خەلق دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش ، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ، پارتىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەر قايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتەك رەھبەرلىك يادروسلىق رولىغا تۈزۈم ۋە قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئىستراتېگىيىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى ۋە رەھبەرلىك ئۇسۇلىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولدى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پارتىيە رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق دېموكراتىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تېخىمۇ زور ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىن ھەقىقىي كۈچەيتتى، ئومۇمىيەتكە چېتىلىدىغان زور مەسىلە ۋە زور ئىشلاردا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆزگىچە رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بىلەن پارتكوم خىزمىتىنىڭ بىردەكلىكىنى ئىشقا ئاشۇردى؛ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يەرلىك قانۇن چىقىرىش، قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، مۇھىم ئىشلارنى قارار قىلىش ، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى خىزمەتچىلىرىنى سايلاش، تەيىنلەش، قالدۇرۇشقا ئوخشاش خىزمەت ھوقۇقلىرىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى پائال قوللاپ، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خەلق ئىرادىسىنىڭ بىردەكلىكىنى ، پارتىيىنىڭ كادىر باشقۇرۇش پرىنسىپى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش، قالدۇرۇش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنىڭ بىردەكلىكىنى ئىشقا ئاشۇردى؛ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ساقلانغان قىيىنچىلىقلارنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى پارتىيە رەھبەرلىكى پرىنسىپىدا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ ، زور مەسىلىلەرنى پارتكومغا دوكلات قىلىپ، پارتكومنىڭ يېتەكچىلىكى، قوللىشى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈردى؛ پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، قانۇن چىقىرىش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ۋە مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈشكە تەشكىللەشكە ئوخشاش پائالىيەتلەرنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى؛ پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ۋە ئەدلىيە ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنى كىشىلەر كۆڭلىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇردى.

نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن قانۇن بويىچە ئىش قىلىش بىردەك. پارتكومنىڭ مۇددىئاسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن دېموكراتىيە ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش بىردەك. پارتىيە مەنپەئىتىنى قوغداش بىلەن خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلەش بىردەك. پارتىيە ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىردەك. خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن چىقىرىشتا پارتىيىنىڭ لۇشيەن ۋە تەدبىرلىرىنى ئاساس قىلىدۇ، پارتىيە ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق قانۇن چىقىرىپ گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن تامامەن بىردەك. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ؛ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئاكتىپلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئىشلىگەندىلا، ئاندىن پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىنى ساقلىشى ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى قەدەم باسقۇچلۇق ۋە تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ، گۈللەپ ياشنىغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان شىنجاڭنى 21 - ئەسىرگە ئېلىپ كىرىش يولىدا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ..........

# 新疆人大

(月刊)

(ئايلىق ژۇرنال)

1999 ـ يىل 7 ـ سان

(ئومۇمىي 196 ـ سان) (19 ـ يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى: ئەنۋەر غولام

باش مۇھەررىر: لەن شۆيى



**ئوبزور** پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرايلى ............ ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (1)

**يەرلىك نىزام** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام چارىسى... (4)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى ............ (12)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى ...... (16)

**رەھبەرلەرنىڭ سۆزى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى يېزىلىق، ناھىيىلىك، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 7 ـ قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىدىن دوكلات ... مەھەممەت ئىسمايىل (22)

**بىلىم كۆزنىكى** يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى خادىملار ئۇچۇن ئۇقۇشلۇق............(29)

**خىزمەت تەتقىقاتى** خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ياخشى يولغا قويۇش ھەققىدىكى بىرقانچە قارىشىم............ يۈەن چىنلاڭ (36)

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا............ نۇردى ئىسمايىل (40)

**مۇلاھىزە** پۇل چۈشەنچىسىنى توغرىلاپ توغرا كېپىياتقا ئەھمىيەت بېرەيلى ............ ئوبۇل مۇھەممەت (44)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكىستى: ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش - قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك
سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1033 / D-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 - 58
پوچتا نومۇرى: 830002
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 10 - قورۇ
تېلېفون 2822065 ئارقىلىق 63911

**تەكشۈرۈش دوكلاتى** ئىسلاھات نۇرىدا گۈللەنگەن يېڭىشەھەر، كۈنسېرى يۈكسىلىپ ئۆرلىگەن يېڭىشەھەر ........................ ئابدۇكېرىم ئۆمەر (46)

**قانۇندىن ساۋات** دېھقان، چارۋىچىلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداشتا ئاساسىي قانۇن بىلەن قانۇنلارنىڭ پەرقىنى بىلىۋېلىشى مۇھىم ........................ نۇرئىمان ئابدۇكېرىم (49)

**خەلق قورۇلتىيى سېپىدە** ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىش بىلەن ئۆتكەن 45 يىل ........................ ئىدرىس قادىر (52)

**خەۋەرلەر** 7 پارچە قىسقا خەۋەر ........................ (54)

**تەرمىلەر** دۇنيا سودا تەشكىلاتى ........................ (58)

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ........................ (59)

**بىلىۋېلىڭ** سايلىغۇچى، پۇقرا ۋە خەلق ئۇقۇمى ھەم ئۇلارنىڭ پەرقى توغرىسىدا ........................ (60)

ياشانغانلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشى مۇۋاپىق بولۇش كېرەك ........................ ساۋۇت ھېكىم (60)

قانۇنىي مىراسخورلارنىڭ مىراسخورلۇق قىلىش رەت تەرتىپى قانداق بولىدۇ؟ ........................ (39)

مىراسقا ۋارىسلىق قىلمىغانلارنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ ........................ (45)

**ئەتىرگۈل** ئۇلۇغ رىشتە ........................ مەھمۇد سېيىق (62)

**ئېلان** ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەر دىققىتىگە ........................ (64)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام چارىسى

**1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى**

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

**(9 ـــ 11 ـ نومۇرلۇق)**

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام چارىسى» 1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى**
**1999 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى**

## 1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ چارە كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە سايلام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كەنت ئاھالىسىنىڭ دېموكراتىك سايلام ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» (تۆۋەندە «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دېيىلىدۇ) غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلىمىنى ئىللا، ئادىل، ئاشكارا بولۇش پرىنسىپى بويىچە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئېلىپ بېرىش كېرەك.

كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالىرىنى شۇ كەنتتىكى سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە كەنت ئاھالىسى (تۆۋەندە سايلىغۇچىلار دېيىلىدۇ) بىۋاسىتە سايلايدۇ، ئۇلار ئۇدا سايلانسا بولىدۇ. ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى بەلگىلەپ بېرىشىگە، ئەۋەتىشىگە ياكى ئالماشتۇرۇۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**3 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزا بولۇپ ئۈچتىن يەتتىگىچە تاق ساندىن تەركىب تاپىدۇ، كونكرېت سانىنى كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى كەنت ئاھالە سانىغا قاراپ بېكىتىدۇ. ئاھالىسى 500 دىن تۆۋەن كەنتلەردە ئادەتتە ئۈچ بولىدۇ؛ ئاھالىسى 500 دىن يۇقىرى، 2000 دىن تۆۋەن كەنتلەردە ئادەتتە بەش بولىدۇ؛ ئاھالىسى 2000 دىن يۇقىرى كەنتلەردە يەتتىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدە ئاياللار بولۇشى كېرەك؛ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان كەنتلەردە مىللەت تەركىبىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك.

**4 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ھەر

نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 3 يىل بولىدۇ، نۆۋەتتى توشقاندا نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى ۋاقتىدا ئۆتكۈزىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋالدا، كەنت ئاھالە يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشى، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق (تۆۋەندە يېزا دەرىجىلىك دېيىلىدۇ) خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ناھىيىلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق (تۆۋەندە ناھىيە دەرىجىلىك دېيىلىدۇ) خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىشى بىلەن، ئالدىغا ياكى ئارقىغا سۈرۈشكە بولىدۇ، لېكىن ئالدىغا ياكى ئارقىغا سۈرۈش ۋاقتىنى ئۈچ ئايدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

**5 ـ ماددا** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلىمىدا رەھبەرلىك يادرولىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ؛ ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملار بويىچە كەنت ئاھالىسىنىڭ دېموكراتىك سايلام ھوقۇقىنى بىۋاسىتە يۈرگۈزۈشىنى قوللايدۇ ۋە كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**6 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىللەيدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سايلام خىزمىتىنى تەشكىللەش خىراجىتى شۇ دەرىجىلىك مالىيە چىقىمىغا كىرگۈزۈلىدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام خىراجىتى كەنتنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىدىن چىقىم قىلىنىدۇ، يېزا دەرىجىلىك مالىيىدىن مۇۋاپىق ياردەم بېرىلىدۇ.

**7 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام سايلىمىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام لايىھىسىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلاش، خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاش، كەنت ئاھالىسىنىڭ ئەرز، پاش قىلىش ۋە شىكايەتلىرىنى قوبۇل قىلىش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تۈزىتىشكە ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ۋە مۇشۇ چارىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

**8 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلىمىدا ئېلان قىلىنىدىغان سايلام ھۆججىتى، سايلىغۇچىلار تىزىملىكى، سايلىغۇچىلىق گۇۋاھنامىسى، نامزاتلار تىزىملىكى، سايلام بېلىتى ۋە باشقىلاردا شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل ـ يېزىقنى قوللىنىش كېرەك.

## 2 ـ باب سايلام خىزمىتى ئاپپاراتى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى

**9 ـ ماددا** ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىكتە كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام خىزمىتى رەھبەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇلىدۇ، ئۇ ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى:

(1) ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش؛

(2) ئۆز مەمۇرىي رايونىدىكى سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش؛

(3) سايلام خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش؛

(4) سايلام خىزمىتىگە دائىر ئەرز، پاش قىلىش ۋە شىكايەتلەرنى قوبۇل قىلىش؛

(5) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام كۈنىنى بېكىتىش ۋە ئېلان قىلىش؛

(6) سايلام خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەش؛

(7) كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ تەركىبىگە كىرگەنلەرگە سايلانغانلىق گۇۋاھنامىسى بېرىش؛

(8) سايلام خىزمىتى ئارخىپى تۇرغۇزۇش؛

(9) سايلامدىكى باشقا ئىشلار بېجىرىش.

**10 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلىمىغا كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئەزالىرىنى ئالدىنقى

نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىپ سايلايدۇ. ئۇنىڭ سانى بەشتىن توققۇزغىچە بولىدۇ. كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئەزالىرى ئۆز ئىچىدىن بىر كىشىنى سايلام خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا سايلايدۇ.

كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئەزالىرى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە رىئايە قىلىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، كەنت ئاھالىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشى، ئىشتا ئادىل، ئىستىلدا دۇرۇس بولۇشى، مۇئەييەن تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئەزالىرى يېزا دەرىجىلىك كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام خىزمىتى رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

11 - ماددا كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدۇ:

(1) «كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ۋە مۇشۇ چارىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ.

(2) سايلام خىزمىتى لايىھىسىنى تۈزىدۇ؛

(3) سايلام خىزمەتچىلىرىنى بېكىتىدۇ ۋە تەربىيىلەيدۇ؛

(4) سايلىغۇچىلارنى تىزىملايدۇ، سايلىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرىدۇ، سايلىغۇچىلار ئىسملىكىنى ئېلان قىلىدۇ، سايلىغۇچىلىق گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىدۇ، سايلىغۇچىلار ئىسملىكى ئۈستىدىكى ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىدۇ؛

(5) كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر نامزاتىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى، سايلام بېلىتى، ھاۋالىنامە ۋە باشقا ماتېرىياللارنى تەييارلايدۇ، سايلامنىڭ كونكرېت ۋاقتى، ئورنى ۋە بېلەت تاشلاش ئۇسۇلىنى بېكىتىدۇ؛

(6) سايلىغۇچىلارنى نامزاتنى غۇلغۇلا قىلىپ كۆرسىتىشكە تەشكىللەيدۇ ۋە نامزاتلار ئىسملىكىنى كۆپ ساندىكى سايلىغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن قانۇن بويىچە بېكىتىدۇ، ئېلان قىلىدۇ؛

(7) قانۇن، نىزاملار بويىچە سايلام يىغىنىنىڭ كونكرېت سايلام چارىسىنى تەييارلايدۇ؛

(8) سايلامغا ياخشى تەييارلىق كۆرىدۇ، سايلام يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، بېلەت تاشلاشقا تەشكىلاتچىلىق قىلىدۇ، سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلىدۇ ۋە يۇقىرىغا يوللايدۇ؛

(9) سايلام خىزمىتى ئەھۋالىنى خۇلاسىلەيدۇ ۋە يۇقىرىغا يوللايدۇ، سايلام خىزمىتى ئارخىپى تۇرغۇزىدۇ؛

(10) سايلام خىزمىتىگە دائىر باشقا ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ۋاقتى ئۆزى ۋۇجۇدقا كەلگەن كۈندىن باشلاپ يېڭى بىر نۆۋەتلىك كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنىغىچە بولىدۇ.

## 3 - باب سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش

12 - ماددا سايلام كۈنى 18 ياشقا توشقان كەنت ئاھالىسى مىللىتى، جىنسى، كەسپى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى، بىلىم دەرىجىسى، مال - مۈلۈك ئەھۋالى، ئولتۇراقلىشىش ۋاقتىغا قارىماي، سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەمما قانۇن بويىچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار بۇنىڭ سىرتىدا.

13 - ماددا سايلىغۇچى نوپۇسى تۇرۇشلۇق كەنتتە سايلىغۇچىلىققا تىزىملىتىشى كېرەك.

كەنت ئاھالىسىنىڭ يېشىنى ھېسابلاشتا كىملىكى ئۆلچەم قىلىنىدۇ؛ كىملىكنى بېجىرمىگەنلەرنىڭ يېشىنى ھېسابلاشتا نوپۇس دەپتىرى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

14 - ماددا تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرى بولغانلار كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن، سايلىغۇچىلار ئىسملىكىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ:

(1) ئۆز ئارزۇسىنى ئىپادىلىيەلمەيدىغان روھى كېسەللەر ۋە گومۇشلار؛

(2) سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكتىن ئالاقىلىشىش مۇمكىن بولمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سايلام

كۈنى كەنتكە قايتىپ كېلىپ سايلامغا قاتنىشالمايدىغانلار.

15 ـ ماددا سايلىغۇچىلار ئىسمىلىكى سايلام كۈنىدىن 20 كۈن بۇرۇن ئېلان قىلىنىدۇ ھەمدە سايلىغۇچىلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. كەنت ئاھالىسى ئېلان قىلىنغان سايلىغۇچىلار ئىسمىلىكىگە باشقىچە پىكىردە بولسا ياكى خاتا تىزىملاش، چالا تىزىملاش، تەكرار تىزىملاشقا ئوخشاش ئەھۋاللارنى سەزسە، سايلام كۈنىدىن ئون كۈن بۇرۇن كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىگە ئىنكاس قىلسا بولىدۇ، كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى سايلام كۈنىدىن بۇرۇن تەكشۈرۈشى ھەمدە ئېنىق جاۋاب بېرىشى ياكى تۈزىتىشى كېرەك.

## 4 ـ باب نامزاتلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش

16 ـ ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر نامزاتى تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

(1) ئاساسىي قانۇن، قانۇن، نىزاملارغا ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە رىئايە قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش؛

(2) ئىشتا ئادىل، پاك ـ دىيانەتلىك، ئىستىلدا دۇرۇس بولۇش، ئامما ئارىسىدا ئىناۋەتتى بولۇش، كەنت ئاھالىسىگە قىزغىن مۇلازىمەت قىلىش، كەنت ئاھالىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش؛

(3) مۇئەييەن مەدەنىيەت ساپاسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى بولۇش، تېنى ساغلام بولۇش، ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئورتاق بېيىشقا، دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشقا يېتەكلىيەلەيدىغان بولۇش.

17 ـ ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالىرى پەرقلىق سان سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ رەسمىي نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن بىر كىشى ئارتۇق بولىدۇ؛ كەنت ئاھالە كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ رەسمىي نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن بىردىن ئۈچكىچە كىشى ئارتۇق بولىدۇ.

18 ـ ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالىرى نامزاتىنى كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن سايلىغۇچىلار بىۋاسىتە كۆرسىتىدۇ. كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرى يىغىنى ئېچىپ كۆرسىتىشكىمۇ بولىدۇ. نامزات كۆرسەتكەندە، سايلىغۇچى «كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر نامزاتىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى» نى تولدۇرىدۇ. ھەر بىر سايلىغۇچى كۆرسەتكەن نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. دەسلەپكى نامزاتلار ئىسمىلىكىنى كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئومۇملاشتۇرغاندىن كېيىن، سايلام كۈنىدىن ئون كۈن بۇرۇن بالڭ چىقىرىپ ئېلان قىلىدۇ.

19 ـ ماددا دەسلەپكى نامزاتلار ئىسمىلىكى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى سايلىغۇچىلاردىن كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىشى ھەمدە رەسمىي نامزاتلارنى تەييارلىق سايلىمى ئارقىلىق بېكىتىشى كېرەك. تەييارلىق سايلىمى ئۆتكۈزۈشتە، كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى بېلەت تاشلاش پونكىتى ۋە بېلەتنى مەخپىي تولدۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىدۇ ھەمدە بېلەت نازارەتچىسى ۋە بېلەت ھېسابلىغۇچىنى سايلاپ چىقىپ بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە سايلىغۇچىلارنى ئىمزاسىز بېلەت تاشلاشقا تەشكىللەيدۇ. سايلىغۇچىلار سايلام بېلىتىدە تولدۇرغان نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بېلەت تاشلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بېلەتنى ئاشكارا ھېسابلاپ، رەسمىي نامزاتلار ئىسمىلىكىنى ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك رېتى بويىچە بېكىتىش كېرەك.

رەسمىي نامزاتلار ئىسمىلىكىنى ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك رېتى بويىچە سايلام كۈنىدىن بەش كۈن بۇرۇن بالڭ چىقىرىپ ئېلان قىلىش كېرەك.

سايلىغۇچىلار كۆرسەتكەن دەسلەپكى نامزاتلارنى ياكى قانۇن بويىچە بېكىتىلگەن رەسمىي نامزاتلارنى ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشىگە، تەڭشىشىگە ياكى ئۆزگەرتىۋېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

20 ـ ماددا بىر كىشى بىرلا ۋاقىتتا ئىككىدىن ئارتۇق ۋەزىپە نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەندە، ئۇنى نامزاتلار ئىسمىلىكىگە كىرگۈزۈپ، قېتىمغا بۆلۈپ بېلەت تاشلاپ سايلاشقا قويۇش كېرەك.

كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى ئەزالىرىدىن كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە كىرىدىغان رەسمىي نامزات قىلىپ بېكىتىلگەنلىرى كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشمايدۇ، كەم سانىنى كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى سايلاپ چىقىدۇ.

21 ـ ماددا كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى رەسمىي نامزاتلارنىڭ ئەھۋالىنى باراۋەر، ئوبيېكتىپ، ئاشكارا بولۇش پرىنسىپى بويىچە سايلىغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇشى كېرەك. سايلام كۈنىدىن بۇرۇن كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىپ، نامزاتلار كەنت باشقۇرۇش نۇتقى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنسا ھەممە سايلىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرسە بولىدۇ، ئەمما سايلام كۈنى نامزاتلارنى تونۇشتۇرۇشنى توختىتىش كېرەك.

نامزاتلارنىڭ كەنت باشقۇرۇش نۇتقى سۆزلىشى، سايلىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشى قانۇن، نىزام ۋە سىياسەت دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك. سايلىغۇچىلار نامزاتلارغا سوئال قويغاندا، كەنت ئىشلىرى قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قاتارلىق جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى قويۇشى، جىسمانىي جەھەتتىن ھۇجۇم قىلماسلىقى كېرەك.

## 5 ـ باب سايلام تەرتىپى

22 ـ ماددا كەنت ئاھالە كومىتېتىنى سايلاشتا، كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە سايلام يىغىنى ئېچىلىدۇ. چەت ـ يىراق، تارقاق، قاتناش قولايسىز ئايرىم كەنتلەردە بېلەت تاشلاش پونكىتى تەسىس قىلىنسا بولىدۇ، قېرى، ئاجىز، كېسەل، مېيىپ بولغانلىقتىن سايلام يىغىنىغا ياكى بېلەت تاشلاش پونكىتىغا كېلىپ بېلەت تاشلىيالمايدىغان سايلىغۇچىلار ئۈچۈن كۆچمە بېلەت ساندۇقى تەسىس قىلىنسا بولىدۇ. ھەر بىر بېلەت تاشلاش پونكىتى ۋە كۆچمە بېلەت ساندۇقىغا سايلام ھەيئىتى ئەزاسى ۋە ئىككى بېلەت نازارەتچىسى مەسئۇل بولىدۇ.

بېلەت تاشلاش پونكىتىدىكى بېلەت ساندۇقىغا ۋە كۆچمە بېلەت ساندۇقىغا بېلەت تاشلاش ئىشىنى سايلام كۈنىدىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش ھەممە پۈتتۈرۈش كېرەك.

بېلەت تاشلاش پونكىتىدىكى بېلەت ساندۇقىغا ۋە كۆچمە بېلەت ساندۇقىغا بېلەت تاشلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بېلەت ساندۇقىنى دەرھال پېچەتلەپ، سايلام يىغىنى مەيدانىغا ئاپىرىپ ئېچىش ۋە بېلەت ھېسابلاش كېرەك.

سايلام يىغىنى مەيدانى ۋە بېلەت تاشلاش پونكىتىدا بېلەت تارقىتىش ئورنى ۋە بېلەتنى مەخپىي تولدۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىنىدۇ. سايلىغۇچىلار سايلام بېلىتىنى سايلىغۇچىلىق گۇۋاھنامىسى ۋە ھاۋالىنامە بىلەن ئېلىپ، مەخپىي تولدۇرۇش ئورنىدا تولدۇرۇپ، بېلەت ساندۇقىغا تاشلايدۇ. سايلىغۇچى ساۋاتسىزلىق ياكى مېيىپلىق تۈپەيلىدىن سايلام بېلىتىنى تولدۇرالمىسا، ئۆزى ئىشىنىدىغان كىشىگە يازدۇرسا بولىدۇ، يېزىپ بەرگۈچى سايلام بېلىتىنى يازدۇرغۇچىنىڭ ئارزۇسى بويىچە تولدۇرۇشى كېرەك.

سايلىغۇچى سايلام كۈنى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، بىۋاسىتە بېلەت تاشلاشقا كېلەلمەيدىغان بولسا، سايلام كۈنىدىن بۇرۇن كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتىدىن ھاۋالىنامىنى ئېلىپ، بېلەت تاشلاشنى شۇ كەنتتىكى نامزات بولمىغان سايلىغۇچىغا ھاۋالە قىلىشى كېرەك. ھەر بىر سايلىغۇچى ئۈچتىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلماسلىقى كېرەك.

23 ـ ماددا بېلەت تاشلاشتىن بۇرۇن، كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ سايلام چارىسىنى ماقۇللايدۇ، بېلەت نازارەتچىسى ۋە بېلەت ھېسابلىغۇچىنى سايلاپ چىقىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە كىرىدىغان نامزات ۋە ئۇنىڭ جۈرىسى، بىۋاسىتە تۇغقانلىرى سايلام يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلسا بولمايدۇ، بېلەت نازارەتچىسى ۋە بېلەت ھېسابلىغۇچى بولسىمۇ بولمايدۇ.

24 ـ ماددا سايلامدا ئىمزاسىز بېلەت تاشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. سايلىغۇچىلار بېكىتىلگەن

نامزاتقا قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرسىمۇ، قارشى ئاۋاز بەرسىمۇ، باشقا سايلىغۇچىنى سايلىسىمۇ، ھوقۇقىدىن ۋاز كەچسىمۇ بولىدۇ. ھەر بىر سايلىغۇچىنىڭ بىر قېتىملىق سايلامدا پەقەت بىر كىشىلىك ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولىدۇ.

بېلەت تاشلاش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، بېلەت نازارەتچىسى ۋە بېلەت ھېسابلىغۇچى بېلەت ساندۇقىنى ئامما ئالدىدا ئېچىپ، بېلەت تاشلىغان ئادەم سانى بىلەن تاشلانغان بېلەت سانىنى سېلىشتۇرۇپ خاتىرىگە ئالىدۇ، خاتىرىگە بېلەت نازارەتچىسى ئىمزا قويىدۇ، ھەر قېتىملىق سايلامدا تاشلانغان بېلەت سانى بېلەت تاشلىغان ئادەم سانىدىن ئارتۇق بولسا، سايلام ئىناۋەتسىز بولىدۇ، بېلەت تاشلىغان ئادەم سانىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئاز بولسا سايلام ئىناۋەتلىك بولىدۇ. سايلامنىڭ ئىناۋەتلىك بولغانلىقى بېكىتىلگەندىن كېيىن، بېلەت نەق مەيداندا ئاشكارا ھېسابلىنىدۇ.

بېلەت ھېسابلىنىپ بولغاندىن كېيىن بېلەت نازارەتچىسى بېلەت ھېسابلاش نەتىجىسىنى ئېلان قىلىدۇ؛ يىغىن رىياسەتچىسى سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلىدۇ.

**25 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر ۋە ئەزالىرىنى سايلىغاندا، بېلەتنى ۋەزىپە بويىچە قېتىمغا بۆلۈپ تاشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلسىمۇ، بىر يولىلا تاشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ. بېلەتنى بىر يولىلا تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ھەر بىر سايلام بېلىتىدە سايلانغان ئادەم سانى قايسى تۈردە سايلاشقا تېگىشلىك ئادەم سانىدىن ئېشىپ كەتسە، شۇ تۈر ئىناۋەتسىز بولىدۇ، سايلاشقا تېگىشلىك ئادەم سانىغا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئاز بولغىنى ئىناۋەتلىك بولىدۇ؛ قايسى تۈر پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تۈتۈق يېزىلغان ياكى بەلگىلەنگەن بەلگە بويىچە يېزىلمىغان بولسا، شۇ تۈر ئىناۋەتسىز بولىدۇ. ئىناۋەتسىز بېلەت سايلام بېلىتى ئومۇمىي سانىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

بارلىق سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلام ئىناۋەتلىك بولىدۇ؛ بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگەن نامزات سايلانغان بولىدۇ.

تەڭدىن تولا ئاۋازغا ئېرىشكەن نامزاتلار سانى سايلاشقا تېگىشلىك ئادەم سانىدىن ئېشىپ كەتسە، كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكىنى سايلانغان بولىدۇ؛ ئاۋاز سانى تەڭ چىقىپ قېلىپ، سايلانغۇچىنى بېكىتكىلى بولمىسا، شۇ نامزاتقا قايتا بېلەت تاشلىنىدۇ، كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكىنى سايلانغان بولىدۇ.

تەڭدىن تولا ئاۋازغا ئېرىشىپ سايلانغانلار سانى سايلاشقا تېگىشلىك ئادەم سانىدىن ئاز بولۇپ قالسا، كەم سان سايلانماي قالغان نامزاتلار ئىچىدىن ئايرىم سايلاپ چىقىلىدۇ. ئايرىم سايلام ئۆتكۈزگەندە، نامزاتلار ئىسمىلىكى 1 ـ قېتىم سايلام ئۆتكۈزگەندە ئېرىشكەن ئاۋاز سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك رېتى بويىچە مۇشۇ چارىدە بەلگىلەنگەن پەرقلىق سانغا قاراپ بېكىتىلىپ، سايلام ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**26 ـ ماددا** ئىككى قېتىملىق سايلامدا سايلانغانلارنىڭ سانى يەنىلا سايلىنىشقا تېگىشلىك سانغا يەتمەي، سايلانغان ئادەم سانى ئۈچ كىشىدىن ئاشقان بولسا، كەم سان كېيىنچە تولۇقلانمايدۇ. ... مۇدىرنىڭ ئورنى بوش قالغاندا، مۇئاۋىن مۇدىر مۇدىرنىڭ خىزمىتىنى مۇدىر سايلانغىچە ئىشلەپ تۇرىدۇ.

سايلانغان ئادەم سانى ئۈچ كىشىگە يەتمىگەن، لېكىن كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سايلاپ چىقىلغان بولسا، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خىزمەتكە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، كەم سان ئۈچ ئاي ئىچىدە قانۇن بويىچە سايلام ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ.

**27 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ سايلام نەتىجىسىنى كەنت ئاھالە سايلام ھەيئىتى يېزا دەرىجىلىك كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلام خىزمىتى رەھبەرلىك ئاپپاراتىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

**28 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن، ئون كۈن ئىچىدە سايلىغۇچىلارنى تەشكىللەپ، كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرى، كەنت ئاھالە ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقىدۇ.

كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقىنى كەنت ئاھالە كومىتېتى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرى يىغىنى ئېچىپ سايلاپ چىقىدۇ.

كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى ھەر 5 ـ 15 ئائىلىدىن بىر ۋەكىل كۆرسىتىش ياكى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرى بىر نەچچە كىشىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ۋو-

جۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. كەنت ئاھالە ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 25 تىن كەم بولمايدۇ، ئادەتتە 50 تىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

## 6 ـ باب ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىش، ئىستېپا بېرىش ۋە تولۇقلاپ سايلاش

**29 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر كەنت ئاھالىسىنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ.

كەنت ئاھالىسى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەردىن قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ياكى ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىرىنى پاش قىلىشقا ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. سايلىغۇچىلارنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، شۇ كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەلىپى يازما قويۇلۇشى ھەمدە سەۋەبى ئېنىق يېزىلىشى لازىم.

يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان، ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە ئۇدا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق سەۋەبسىز قاتناشمىغان كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەكلىپىنى بەرسە بولىدۇ.

ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەلىپى ياكى تەكلىپىنى كەنت ئاھالە كومىتېتى بىر ئاي ئىچىدە كەنت ئاھالە يىغىنىنى چاقىرىپ بېلەت تاشلاپ ئاۋازغا قويۇشى لازىم. كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىش بارلىق سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈشى كېرەك.

كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەلىپى ياكى تەكلىپىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كەنت ئاھالە يىغىنىنى چاقىرىپ بېلەت تاشلاپ ئاۋازغا قويمىسا، يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كەنت ئاھالە يىغىنىنى چاقىرىپ بېلەت تاشلاپ ئاۋازغا قويۇشى لازىم.

كەنت ئاھالە يىغىنىدا ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەلىپى ياكى تەكلىپى مۇزاكىرە قىلىنغان ۋە ئاۋازغا قويۇلغاندا، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىش تەلەپ قىلىنغان ياكى تەكلىپ قىلىنغان كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر يىغىنغا قاتنىشىشقا ۋە ئۆزىنى ئاقلاش پىكرى بېرىشكە ھوقۇقلۇق.

**30 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشنى تەلەپ قىلسا، كەنت ئاھالە كومىتېتىغا يازما ئوتتۇرىغا قويۇشى، كەنت ئاھالە كومىتېتى ئۇنىڭ ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە سايلانغانلار ئىچىدە جۈرلىك ۋە بىۋاسىتە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بارلار بولسا، بىر تەرەپ ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشى لازىم.

**31 ـ ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر ئىستېپا بېرىش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇش، ئۆلۈپ كېتىش، نوپۇسى يۆتكىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كەملەپ كەتسە، ئۈچ ئاي ئىچىدە تولۇقلاپ سايلاش كېرەك. تولۇقلاپ سايلاشقا كەنت ئاھالە كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ، يېزا دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە تولۇقلاپ سايلىنىدىغان نامزات كۆپ سانلىق سايلىغۇچىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بېكىتىلىدۇ، نامزات سانى سايلاشقا تېگىشلىك ساندىن كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەڭ بولسىمۇ بولىدۇ. تولۇقلاپ سايلاش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلىنى كەنت ئاھالە يىغىنى ياكى كەنت ئاھالە ۋەكىللىرى يىغىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىدۇ. تولۇقلاپ سايلاشتا، سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلام ئىناۋەتلىك بولىدۇ؛ بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرگەن نامزات سايلانغان بولىدۇ.

## 7 ـ باب قانۇن جاۋابكارلىقى

**32 ـ ماددا** تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلغانلارنى كەنت ئاھالىسى يېزا دەرىجىلىك

خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ياكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار مەسئۇل تارماقلىرىغا پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق، ئالاقىدار ئورگان 15 كۈن ئىچىدە تەكشۈرۈشى ھەمدە قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. بىۋاسىتە جاۋابكارغا ئىنتىزام چارىسى كۆرۈلىدۇ؛ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى» غا خىلاپلىق قىلغانلىرىغا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى قانۇن بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى ئەدلىيە ئورگىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ:

(1) كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە كىرىدىغانلار نامزاتنى خالىغانچە ئەمەلدىن قالدۇرغان، ئەڭشىۋەتكەن، ئۆزگەرتىۋەتكەن ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىگە كىرىدىغانلارنى بەلگىلەپ بەرگەن، ئەۋەتكەن، ئالماشتۇرۇۋەتكەنلەر؛ كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى سەۋەبسىز ئارقىغا سۈرگەنلەر؛

(2) سايلام يىغىنى تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلار، سايلىغۇچىلارنى بىلەت تاشلىماسلىققا قۇتراتقانلار، نامزاتنى ياكى سايلام خىزمەتچىلىرىنى ھاقارەتلەش، ئۇلارغا تۆھمەت چاپلاش قاتارلىق باشقا ناچار قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلار؛

(3) سايلامدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى شىكايەت قىلغان، پاش قىلغانلارنى ياكى كەنت ئاھالە كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرگەن، باسقان، ئۇلاردىن ئۆچ ئالغانلار؛

(4) سايلام بېلىتىنى ياسىۋالغانلار، سايلام نەتىجىسىنى يالغان دوكلات قىلغانلار ياكى باشقا ساختىپەزلىك قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغانلار؛

(5) زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش، پارىخورلۇق قىلىش، سايلام بېلىتى ياكى بېلەتساندۇقىنى بۇزۇۋېتىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن سايلىغۇچىلارنىڭ سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە دەخلى يەتكۈزۈپ، كەنت ئاھالە كومىتېتى سايلىمىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار.

زورلۇق ئىشلىتىش، تەھدىت سېلىش، پارىخورلۇق قىلىش، ساختىپەزلىك قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن سايلىنىۋالغانلارنىڭ سايلانغانلىقى ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

## 8 – باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**33 – ماددا** بۇ چارىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چۈشەندۈرىدۇ.

**34 – ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

※ ※ ※ ※ ※

(بېشى 15 – بەتتە)

39 – ماددا بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ پۇل – مېلىنى ئوغرىلىغان، ئالداپ ئېلىۋالغان، بۇلىۋالغان، قاقتى – سوقتى قىلغان، قەستەن بۇزۇۋەتكەن ئائىلە ئەزالىرىدىن قىلمىشى يېنىكرەكلىرى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە جازالىنىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

21 . 32 – ماددا 42 – ماددىغا ئۆزگەرتىلىپ: «بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق – مەنپەئىتىگە دەخلى – تەرۇز يەتكۈزۈپ، جازالىنىشقا تېگىشلىك باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارغا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازا بېرىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ» دەپ تۈزىتىلدى..

22 . 35 – ماددا چىقىرىۋېتىلدى.

ئۇنىڭدىن سىرت بۇ «قارار» غا ئاساسەن قىسمەن ماددىلار مۇناسىپ تەڭشەلدى ۋە ئەدەبىي جەھەتتىن تۈزىتىلدى.

بۇ قارار ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق – مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى» بۇ قارارغا ئاساسەن مۇناسىپ تۈزىتىلگەندىن كېيىن، قايتىدىن ئېلان قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى

**1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - يىغىنىدا ماقۇللاندى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 - يىغىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش نىزامى» غا تۆۋەندىكىدەك تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى:

1 . 1 - ماددا: «بۇ نىزام ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياشانغانلار ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئاسرايدىغان، باقىدىغان ئەنئەنىۋى گۈزەل - ئەخلاقىنى جارى قىلدۇرۇش، ياشانغانلارنى كۈتۈنۈش، داۋالىنىش، بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۆگىنىش، خۇشال ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى، ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

2 . 2 - ماددا: «بۇ نىزامدا ئېيتىلغان ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى ھەر مىللەت ياشانغانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان سىياسىي ھوقۇقى، دېموكراتىك ھوقۇقى، جىسمانىي ھوقۇقى، مال - مۈلۈك ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ۋارىسلىق ھوقۇقى، ئەمگەك ۋە دەم ئېلىش ھوقۇقى، نىكاھ ئەركىنلىكى ھوقۇقى، دۆلەت ۋە جەمئىيەتتىن ماددىي ياردەمگە ئىگە بولۇش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى شۇنىڭدەك قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا ھوقۇقلىرىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ تۈزىتىلدى.

3 . 5 - ماددا: «ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بۇ نىزامنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولۇپ، ياشانغانلار ئىشلىرىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى، ياشانغانلار ئىشلىرى سېلىنمىسىنى تەدرىجىي كۆپەيتىشى ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنى سېلىنما سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ياشانغانلار ئىشلىرىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ياشانغانلار خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ.

شەھەر ئاھالە كومىتېتى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتىدا ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل خادىم بولۇشى لازىم. » دەپ تۈزىتىلدى.

4 . 6 - ماددا: «پۈتۈن جەمئىيەتتە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ئاسراش ۋە بېقىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ياشانغانلارغا ھۆرمەت قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياردەم بېرىشتەك ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تىكلەش؛ ياشانغانلارغا خالىس خىزمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ئاسراش، بېقىش، يۆلەشتە

نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئورۇن، ئائىلە ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.» دەپ تۈزىتىلدى.

5. 7 - ماددا: «ھەر يىلى 9 - ئاي ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش تەشۋىقات ئېيى، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشانغانلار بايرىمى بولىدۇ» دەپ تۈزىتىلدى.

6. 13 - ماددا: «ياشانغانلار باقتۇرغۇچىدىن ئۆزگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاراش، تۇرمۇش جەھەتتىن خەۋەر ئېلىش، روھىي جەھەتتىن تەسەللىي بېرىش ۋە كېسەللىنى داۋالىتىش، كۈتۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

باقتۇرغۇچى ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىللە ياشايدىغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. باقتۇرغۇچى بىللە ياشايدىغان ياشانغان ئەر - خوتۇننىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىپ بېقىشقا بولمايدۇ. باقتۇرغۇچىنىڭ بېقىش مەجبۇرىيىتى ئۆزىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى بىلەن يوقالمايدۇ.

باقتۇرغۇچىنىڭ ياشانغانلارنىڭ ھۆددىگە ئالغان يېرىنى تېرىپ بېرىش ۋە دەل - دەرەخ، ئوتلاق، چارۋا ۋە باشقا ئىگىلىكىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار، ئۇنىڭ پايدىسى ياشانغانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ» دەپ تۈزىتىلدى.

7. 15 - ماددا: «ياشانغانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ياشانغانلارنىڭ پەرزەنتلىرى ياكى باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياشانغانلارنىڭ ئىلكىدىكى ئۆيىنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتى ياكى ئۇلار ئىجارىگە ئالغان ئۆيىنىڭ ئىجارە مۇناسىۋىتىنى ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ خالىغانچە ئۆزگەرتىۋەتسە بولمايدۇ؛ ياشانغانلارنىڭ ئۆيىگە قىستاپ كىرىۋالسا ياكى ئۇلارنى شارائىتى ناچار ئۆيگە كۆچۈشكە مەجبۇرلىسا بولمايدۇ. ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلار ئۆي ساتقاندا، كۆچۈرگەندە ياكى تەقسىملىگەندە، شەرتى ئوخشاش ئەھۋالدا ياشانغانلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك» دەپ تۈزىتىلدى.

8. 18 - ماددىنىڭ 2 - تارمىقى: «ياشانغانلارنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان كۈتۈنۈش پۇلى، قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە باشقا تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، ئالاقىدار ئورۇنلار ئۇنى ۋاقتىدا تولۇق بېرىشى، سەۋەبسىز سۆرىمەسلىكى، تۇتۇپ قالماسلىقى ياكى ئىشلىتىۋالماسلىقى كېرەك.» دەپ تۈزىتىلدى.

9. 9 - ماددا: «ياشانغانلاردىن ئەمگەك ئىقتىدارى، تۇرمۇش مەنبەسى، باقتۇرغۇچىسى ۋە قارىغۇچىسى يوقلار ياكى باقتۇرغۇچىسى ۋە قارىغۇچىسىنىڭ بېقىش، قاراش ئىقتىدارى يوقلىرىنىڭ شەھەردىكىلىرىگە شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى قۇتقۇزۇش بېرىدۇ؛ يېزىدىكىلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۆي - جاي، ئاغرىق - سىلاق، ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىدىن ئىبارەت بەش كاپالەت ئىشىنى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ئۈستىگە ئالىدۇ، يېزا (بازار)لىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى تەشكىللەيدۇ.

يېزىلاردىكى ياشانغانلار مەجبۇرىيەت ئەمگىكى ۋە جۇغلانما ئەمگەكنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. كەنت كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ۋە يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى 65 ياشقا توشقان ئەرلەر، 60 ياشقا توشقان ئاياللارنىڭ يېزا يىغىمىسى ۋە كەنت قالدۇرۇقىنى كەچۈرۈم قىلىشى كېرەك.» دەپ تۈزىتىلدى.

10. «ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەتنىڭ ياشانغانلارنىڭ پاراۋانلىق تەمىناتىغا دائىر بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىشى ھەمدە ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە قاراپ، ياشانغانلارنىڭ پاراۋانلىق تەمىناتىنى مۇناسىپ ئۆستۈرۈشى، تۇرمۇش سەۋىيىسى شۇ جاينىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت ئۆلچىمىگە يەتمەيدىغانلىرىغا قۇتقۇزۇش - ياردەم تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك.

100 ياشقا توشقان ياشانغانلارغا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ساقلىق خىراجىتى بېرىشى كېرەك» دېگەن بىر ماددا قوشۇلۇپ 20 - ماددا قىلىنىدى.

11. «ياشانغانلارنى بېقىشتا، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى يولغا قويۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ياشانغانلارنى تۇغقان تۇتۇش، نامراتلىرىنى يۆلەش ۋە قىيىنچىلىقى بارلىرىغا ياردەم بېرىش ئىجتىمائىي پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلىدۇ. ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئىگە - چاقىسىز ياشانغانلار بىلەن قاراش كېلىشىمى

ياكى باشقا يار-يۆلەك كېلىشىمى ئىمزالىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ» دېگەن بىر ماددا قوشۇلۇپ 21- ماددا قىلىندى.

12. 20- ماددا 22- ماددىغا ئۆزگەرتىلىپ:

«ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جەمئىيەتتە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرىدۇ، ياشانغانلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ۋە داۋالىنىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ياشانغانلارنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن داۋالىنىش تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئورۇنلار ياشانغانلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى بەلگىلىمە بويىچە ئاۋۋال ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك.

يېزىلاردىكى ياشانغانلاردىن ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقانلىرىغا يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ئېتىبار بېرىشى كېرەك. شارائىتى بار جايلار ياشانغانلارنىڭ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ھەققىنى كېمەيتسە، كەچۈرۈم قىلسا بولىدۇ» دەپ تۈزىتىلدى.

13. 21- ماددا 23- ماددىغا ئۆزگەرتىلىپ، 1- تارمىقى «ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىجتىمائىي تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ياشانغانلار پاراۋانلىق ئورنى، ياشانغانلار ساناتورىيىسى، ياشانغانلارنى ھاۋالە بىلەن بېقىش ئورنى (پونكىتى)، ياشانغانلار ياتاق بىناسى، ياشانغانلارنى داۋالاش-ساقايتىش مەركىزى، ياشانغانلار مۇلازىمەت پونكىتى، ياشانغانلار پائالىيەت مەركىزى قاتارلىق مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى ۋە تور-نۇقتىلىرىنى قۇرۇشىغا ئىلھام بېرىشى ۋە يار-يۆلەك بولۇشى كېرەك. جامائەتچىلىكنىڭ ياشانغانلار مەكتەپلىرىنى قۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ.» دەپ تۈزىتىلدى.

«ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ياشانغانلار ئاممىۋى پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى مەيلىچە ئۆزگەرتىشىگە بولمايدۇ» دېگەن بىر تارماق قوشۇلۇپ 3- تارماق قىلىندى.

14. «ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ياكى شەخسلەرنىڭ ياشانغانلار فوندى جەمئىيىتىگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ.

ئىئانە قىلىنغان پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار ياشانغانلار پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا ۋە ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى پائالىيىتىگە ئىشلىتىلىدۇ» دېگەن بىر ماددا قوشۇلۇپ، 24- ماددا قىلىندى

15. 22- ماددا 25- ماددىغا ئۆزگەرتىلىپ:

«ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى جەمئىيەت ئېھتىياجى ۋە ئىمكانىيەتكە ئاساسەن، ياشانغانلارنى ياش-ئۆسمۈرلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، ياش-ئۆسمۈرلەرگە مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، مەسلىھەتچىلىك قىلىش، پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قوللىنىشقا قانۇن بويىچە قاتنىشىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت بىلەن قانۇن بويىچە شۇغۇللىنىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە ياشانغانلار پاراۋانلىق كارخانىسى قۇرۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا پايدىلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. بۇنىڭدىن تاپقان قانۇنلۇق كىرىمى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۇلارنىڭ مائاش، ئۆي، داۋالىنىش ۋە پاراۋانلىق قاتارلىق تەمىناتلىرىنى بۇنىڭلىق بىلەن مەيلىچە تۆۋەنلىتىشىگە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەدبىر قوللىنىپ، ياشانغانلار قۇرغان ياشانغانلار پاراۋانلىق كارخانىلىرىغا ئېتىبار بېرىشى ۋە يار-يۆلەك بولۇشى كېرەك.» دەپ تۈزىتىلدى.

16. 23- ماددا 26- ماددىغا ئۆزگەرتىلىپ:

«ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياشانغانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، كارخانىلارنى ياشانغانلار تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يارىتىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك» دەپ تۈزىتىلدى.

17. 24- ماددا 27- ماددىغا ئۆزگەرتىلىپ:

«تاشيول، تۆمۈريول، پۇقرالار ئاۋىئاتسىيىسى قاتارلىق يولۇچى ترانسپورت ساھەسى ۋە جامائەت پائالىيەت سورۇنلىرى ياشانغانلارغا ئاۋۋال مۇلازىمەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شارائىتقا قاراپ ياشانغانلارغا ئېتىبار بېرىش كىنىشكىسى تارقاتسا، ياشانغانلار شۇ كىنىشكا بىلەن نەرسە-كېرەك

ۋە بېلەت سېتىۋالسا، ئاپتوموبىل ۋە ئايروپىلانغا ئولتۇرسا ھەممە باشقا ئېتىباردىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ. كونكرېت ئېتىبار چارىسىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى تۈزىدۇ» دەپ تۈزىتىلدى.

18 . 26 ـ ماددا 29 ـ ماددىغا ئۆزگەرتىلىپ :

«داۋالاش ئاپپاراتلىرى ياشانغانلارنىڭ داۋالىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى، ئېتىبار بېرىشى كېرەك. شارائىتى بار داۋالاش ئاپپاراتلىرى ياشانغانلار ئائىلە بالىنىستى ئېچىشى، سەييارە داۋالاش، ئۆيىگە بېرىپ داۋالاشنى يولغا قويۇشى كېرەك. شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغان شەھەرلەر ياشانغانلار دوختۇرخانىسى قۇرۇشى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلار شارائىتىغا قاراپ ياشانغانلار مەخسۇس بۆلۈمى ياكى ياشانغانلار ئامبۇلاتورىيىسى ئېچىشى كېرەك. ياشانغانلارنىڭ كېسىلىنى خالىس كۆرۈش، ئۇلارغا داۋالاش، ساقلىق ساقلاش بويىچە ھەقسىز مەسلىھەت بېرىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

سەھىيە تارماقلىرى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى ياشانغانلارنى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىلمىي تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشقا، ياشانغانلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان، كۆپ قوزغىلىدىغان كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە، ياشانغانلار ساقلىقىنى ساقلاش مۇلازىمىتىنى كۆپ خىل شەكىلدە قانات يايدۇرۇشقا، ياشانغانلار ساقلىقىنى ساقلاش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا تەشكىللىشى كېرەك» دەپ تۈزىتىلدى.

19 . 27 ـ ماددا 30 ـ ماددىغا ئۆزگەرتىلىپ :

«مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش ئاممىۋى سورۇنلىرىدا ياشانغانلار پائالىيىتىگە باپ كېلىدىغان تور ۋە ئەسلىھە تەسىس قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك پائالىيىتىگە قاتنىشىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلسە بولىدۇ. » دېگەن بىر تارماق قوشۇلۇپ 2 ـ تارماق قىلىندى.

20 . 5 ماددا كۆپەيتىلىپ، 35 ـ، 36 ـ، 37 ـ 38 ـ ۋە 39 ـ ماددا قىلىندى.

35 ـ ماددا بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنى بېقىش، ئۇلارغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلارغا باققۇچى ياكى قارىغۇچى تۇرۇشلۇق مەھەللە باشقارمىسى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى ياكى ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنى تەنقىد، تەربىيە بېرىدۇ ھەمدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ تۈزەتمىسە بېقىلغۇچى ياكى قارالغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ، ئالاقىدار مەھەللە باشقارمىسى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى بۇنىڭغا مەدەت ۋە ياردەم بېرىدۇ.

ھوقۇق ـ مەنپەئىتى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراپ دەۋا قىلغان، ئەمما دەۋا ھەققى تۆلەشتە قىيىنلىپ قالغان ياشانغانلارنىڭ دەۋا ھەققى كېچىكتۈرۈپ ئېلىنسا، كېمەيتىلسە ياكى كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ. ياشانغانلار بېقىش ھەققى ياكى قاراش ھەققى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا، خەلق سوت مەھكىمىسى ئاۋۋال بېرىپ تۇرۇش ھەققىدە قانۇن بويىچە قارار قىلسا بولىدۇ.

36 ـ ماددا ياشانغانلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىسا، دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغۇچى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتىغا ياكى باشقا ئالاقىدار تارماققا ئەرز قىلسا بولىدۇ، ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئۇنى قوبۇل قىلىشى، قانۇن بويىچە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

37 ـ ماددا مۇشۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنى كەمسىتكەن، ھاقارەتلىگەن، خارلىغانلارغا ئالاقىدار ئورۇن ياكى تەشكىلات تەنقىد، تەربىيە بېرىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلارغا ج خ ئورگىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن جازا بېرىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

38 ـ ماددا بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىگە ئارىلاشقانلارغا ئۇلار تۇرۇشلۇق جايدىكى مەھەللە باشقارمىسى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى تەنقىد، تەربىيە بېرىدۇ ھەمدە ئۇلارنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

(داۋامى 11 ـ بەتتە)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى

**(1992 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 27 - يىغىنىدا ماقۇللانغان، 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش نىزامى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن تۈزىتىلدى)**

## 1 - باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 - ماددا** بۇ نىزام ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياشانغانلار ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئاسرايدىغان ۋە باقىدىغان ئېنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى جارى قىلدۇرۇش، ياشانغانلارنى كۈتۈنۈش، داۋالىنىش، بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۆگىنىش، خۇشال ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتى ھەر مىللەت ياشانغانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان سىياسىي ھوقۇقى، دېموكراتىك ھوقۇقى، جىسمانىي ھوقۇقى، مال - مۈلۈك ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ۋارىسلىق ھوقۇقى، ئىمگەك ۋە دەم ئېلىش ھوقۇقى، نىكاھ ئەركىنلىكى ھوقۇقى، دۆلەت ۋە جەمئىيەتتىن ماددىي ياردەمگە ئىگە بولۇش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى شۇنىڭدەك قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا ھوقۇقلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**3 - ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان ياشانغانلار 60 ياشتىن ئاشقان پۇقرالارنى كۆرسىتىدۇ.

**4 - ماددا** ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. بارلىق ئورگانلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئائىلىلەر ۋە پۇقرالار بۇ نىزامغا ئەمەل قىلىشى شەرت.

**5 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بۇ نىزامنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل بولۇپ، ياشانغانلار ئىشلىرىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشى، ياشانغانلار ئىشلىرى سېلىنمىسىنى تەدرىجىي كۆپەيتىشى ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنى سېلىنما سېلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ياشانغانلار ئىشلىرىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار بىلەن ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ياشانغانلار خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولىدۇ.

شەھەر ئاھالە كومىتېتى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتىدا ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل خادىم بولۇشى كېرەك.

**6 - ماددا** پۈتۈن جەمئىيەتتە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ئاسراش ۋە بېقىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ياشانغانلارغا ھۆرمەت قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ياردەم بېرىشتەك ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تىكلەش؛ ياشانغانلارغا خالىس خىزمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ئاسراش، بېقىش، يۆلەشتە

نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئورۇن، ئائىلىلەر ياكى شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

7 - ماددا ھەر يىلى 9 - ئاي ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش تەشۋىقات ئېيى، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ياشانغانلار بايرىمى بولىدۇ.

## 2 - باب ياشانغانلارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتى ۋە مەجبۇرىيىتى

8 - ماددا ياشانغانلار قانۇندا بەلگىلەنگەن سىياسىي ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ياشانغانلارنىڭ قانۇنلۇق سىياسىي پائالىيەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتكە قاتنىشىشىنى چەكلىشىگە ياكى توسۇشىغا بولمايدۇ.

9 - ماددا ياشانغانلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە ئادەملىك ئىززىتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەر قانداق كىشى ئۆيىگە دەخلى - تەرۇز قىلسا بولمايدۇ. ياشانغانلارنى ھاقارەتلەش، قارىلاش، ئۇرۇش ۋە خارلاش، تاشلىۋېتىش مەنئى قىلىنىدۇ؛ ياشانغانلارنى جىسمانىي ئەركىنلىكتىن قانۇنسىز مەھرۇم قىلىش ياكى ئۇنى چەكلەش مەنئى قىلىنىدۇ؛ ياشانغانلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان باشقا ھەر قانداق قىلمىش مەنئى قىلىنىدۇ.

10 - ماددا ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي كىرىمى، ئۆيى، ئامانەت پۇلى، تۇرمۇش بۇيۇمى، مەدەنىيەت يادىكارلىقى، كىتاب - ماتېرىياللىرى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى، دەل - دەرەخلىرى، چارۋا ماللىرى ۋە قانۇندا پۇقرالار ئىگىدارلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شۇنىڭدەك باشقا قانۇنىي مال - مۈلكى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا بولمايدۇ.

11 - ماددا ياشانغانلار ئۆزىنىڭ مال - مۈلكىگە ئىگە بولىدۇ، جۈملىدىن ۋەسىيەت قالدۇرۇش ۋە ھەدىيە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇنىي مال - مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىش، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە قۇرامىغا يەتكەن پەرزەنتلىرىنىڭ مال - مۈلۈك تەلەپىنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

12 - ماددا ياشانغانلار دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە داۋاملىق تۆھپە قوشۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

13 - ماددا ياشانغانلار باققۇچىدىن ئۆزىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاراش، تۇرمۇش جەھەتتىن خەۋەر ئېلىش، روھىي جەھەتتىن تەسەللىي بېرىش ۋە كېسەلىنى داۋالىتىش، كۈتۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

باققۇچى ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىللە ياشايدىغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. باققۇچى بىللە ياشايدىغان ياشانغان ئەر - خوتۇننىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن مەجبۇرىي ئايرىپ بېقىشقا بولمايدۇ. باققۇچىنىڭ بېقىش مەجبۇرىيىتى ئۆزىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشى بىلەن يوقالمايدۇ.

باققۇچىنىڭ ياشانغانلارنىڭ ھۆددىگە ئالغان يېرىنى تېرىپ بېرىش ۋە دەل - دەرەخ، ئوتلاق، چاۋا ۋە باشقا ئىگىلىكىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار، ئۇنىڭ پايدىسى ياشانغانلارغا مەنسۇپ بولىدۇ.

14 - ماددا ياشانغانلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ياشانغانلاردا نىكاھلىنىش، نىكاھتىن ئاجرىشىش، جۈملىدىن جۈرىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن قايتا نىكاھلىنىش، يارىشىۋېلىش ئەركىنلىكى بولىدۇ، پەرزەنتلەرنىڭ ۋە باشقا شەخسلەرنىڭ ئارىلىشىۋېلىشىغا ۋە كەمسىتىشىگە بولمايدۇ. قۇرامىغا يەتكەن پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزى بېقىۋاتقان ياشانغانلار قايتا نىكاھلانغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى بېقىش، يۆلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى رەت قىلىشىغا بولمايدۇ. ياشانغانلارنىڭ قايتا نىكاھلانغاندىن كېيىنكى مال - مۈلكىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا ۋە ئائىلە تۇرمۇشىغا دەخلى قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

15 - ماددا ياشانغانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ھوقۇقى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ياشانغانلارنىڭ پەرزەنتلىرى ياكى باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياشانغانلارنىڭ ئىلكىدىكى ئۆينىڭ مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنى ياكى ئۇلار ئىجارىگە ئالغان ئۆينىڭ ئىجارە مۇناسىۋىتىنى

ئۇلارنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ خالىغانچە ئۆزگەرتىۋەتسە بولمايدۇ؛ ياشانغانلارنىڭ ئۆيىگە قىستاپ كىرىۋالسا ياكى ئۇلارنى شارائىتى ناچار ئۆيگە كۆچۈشكە مەجبۇرلىسا بولمايدۇ. ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلار ئۆي ساتقاندا، كۆچۈرگەندە ياكى تەڭشىگەندە، شەرتى ئوخشاش ئەھۋالدا ياشانغانلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك.

16 ـ ماددا ياشانغانلار قانۇن ئۆگىنىشى، قانۇنغا ئەمەل قىلىشى، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى، ئىجتىمائىي ئەخلاققا رىئايە قىلىشى، پەرزەنتلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

17 ـ ماددا ياشانغانلار ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە كۆڭۈل بۆلۈشى، تەربىيە بېرىشى ۋە ئۇلارنى ئاسرىشى، يېتىشتۈرۈشى، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە پارتىيىنى، خەلقنى، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ھەققىدە تەربىيە بېرىشى، ئۇلارنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك يېڭى ئەۋلادلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك.

## 3 ـ باب ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش

18 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ، ئۆز ئورنىدىكى ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، ئۆي، داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش، پاراۋانلىق ۋە باشقا جەھەتلەردە دۆلەت بەلگىلىگەن تەمىناتلاردىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۇنى مەيلىچە تۆۋەنلىتىۋېتىشىگە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشىگە بولمايدۇ.

ياشانغانلارنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان كۆتۈنۈش پۇلى، قوشۇمچە پۇلى ۋە باشقا تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، ئالاقىدار ئورۇنلار ئۇنى ۋاقتىدا تولۇق بېرىشى، سەۋەبسىز كېيىنگە سۈرمەسلىكى، تۇتۇپ قالماسلىقى ياكى ئىشلىتىۋالماسلىقى كېرەك.

19 ـ ماددا ياشانغانلاردىن ئەمگەك ئىقتىدارى، تۇرمۇش مەنبەسى، باققۇچىسى ۋە قارىغۇچىسى يوقلار ياكى باققۇچىسى ۋە قارىغۇچىسىنىڭ بېقىش، قاراش ئىقتىدارى يوقلىرىنىڭ شەھەردىكىلىرىگە شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى قوتقۇزۇش بېرىدۇ؛ يېزىدىكىلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ـ جاي، ئاغرىق ـ سىلاق، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدىن ئىبارەت بەش كاپالەت ئىشىنى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ئۈستىگە ئالىدۇ، يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى تەشكىللەيدۇ.

يېزىلاردىكى ياشانغانلار مەجبۇرىيەت ئەمگىكى ۋە جۇغلانما ئەمگەكنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. كەنت كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ۋە يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى 65 ياشقا توشقان ئەرلەر، 60 ياشقا توشقان ئاياللارنىڭ يېزا يىغىمىسى ۋە كەنت قالدۇرۇقىنى كەچۈرۈم قىلىشى كېرەك.

20 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەتنىڭ ياشانغانلارنىڭ پاراۋانلىق تەمىناتىغا دائىر بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىشى ھەمدە ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە قاراپ، ياشانغانلارنىڭ پاراۋانلىق تەمىناتىنى مۇناسىپ ئۆستۈرۈشى؛ تۇرمۇش سەۋىيىسى شۇ جاينىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت ئۆلچىمىگە يەتمەيدىغانلىرىغا قوتقۇزۇش ـ ياردەم تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك.

100 ياشقا توشقان ياشانغانلارغا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ساقلىق خىراجىتى بېرىشى كېرەك.

21 ـ ماددا ياشانغانلارنى بېقىشتا، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتنى يولغا قويۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، ياشانغانلارنى تۇغقان تۇتۇش، نامراتلىرىنى يۆلەش ۋە قىيىنچىلىقى بارلىرىغا ياردەم بېرىش ئىجتىمائىي پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلىدۇ. ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلار بىلەن قاراش كېلىشىمى ياكى باشقا يار ـ يۆلەك كېلىشىمى ئىمزا ـ

لىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ.

22 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جەمئىيەتتە ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرىدۇ، ياشانغانلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ۋە داۋالىنىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ياشانغانلارنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن داۋالىنىش تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئورۇنلار ياشانغانلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى بەلگىلىمە بويىچە ئاۋۋال ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك.

يېزىلاردىكى ياشانغانلاردىن ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقانلىرىغا يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ئېتىبار بېرىشى كېرەك. شارائىتى بار جايلار ياشانغانلارنىڭ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ھەققىنى كېمەيتسە، كەچۈرۈم قىلسا بولىدۇ.

23 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئىجتىمائىي تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ ياشانغانلار پاراۋانلىق ئورنى، ياشانغانلار ساناتورىيىسى، ياشانغانلارنى ھاۋالە بىلەن بېقىش ئورنى (پونكىتى)، ياشانغانلار ياتاق بىناسى، ياشانغانلارنى داۋالاش ـ ساقايتىش مەركىزى، ياشانغانلار مۇلازىمەت پونكىتى، ياشانغانلار پائالىيەت مەركىزى قاتارلىق مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى ۋە تور ـ نۇقتىلىرىنى قۇرۇشىغا ئىلھام بېرىشى ۋە يار ـ يۆلەك بولۇشى كېرەك. جامائەتچىلىكنىڭ ياشانغانلار مەكتەپلىرىنى قۇرۇشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ.

ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەر ياشانغانلار ئىجتىمائىي مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرغاندا، مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ياشانغانلار ئاممىۋى پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى مەيلىچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

24 ـ ماددا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ياكى شەخسلەرنىڭ ياشانغانلار فوندى جەمئىيىتىگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ.

ئىئانە قىلىنغان پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملار ياشانغانلار پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا ۋە ياشانغانلارغا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشى پائالىيىتىگە ئىشلىتىلىدۇ.

25 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى جەمئىيەت ئېھتىياجى ۋە ئىمكانىيەتكە ئاساسەن، ياشانغانلارنى ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، مەسلىھەتچىلىك قىلىش، پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە قوللىنىشقا قانۇن بويىچە قاتنىشىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت بىلەن قانۇن بويىچە شۇغۇللىنىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە ياشانغانلار پاراۋانلىق كارخانىسى قۇرۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا پايدىلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن تاپقان قانۇنلۇق كىرىمى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۇلارنىڭ مائاش، ئۆي، داۋالىنىش ۋە پاراۋانلىق قاتارلىق تەمىناتلىرىنى بۇنىڭلىق بىلەن مەيلىچە تۆۋەنلىتىشكە ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەدبىر قوللىنىپ، ياشانغانلار قۇرغان ياشانغانلار پاراۋانلىق كارخانىلىرىغا ئېتىبار بېرىشى ۋە يار ـ يۆلەك بولۇشى كېرەك.

26 ـ ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياشانغانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن كارخانىلارنى ياشانغانلار تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يارىتىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشقا رىغبەتلەندۇرۇشى كېرەك.

27 ـ ماددا تاشيول، تۆمۈريول، پۇقرالار ئاۋىئاتسىيىسى قاتارلىق يولۇچى ترانسپورت ساھەسى ۋە جامائەت پائالىيەت سورۇنلىرى ياشانغانلارغا ئاۋۋال مۇلازىمەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى شارائىتقا قاراپ ياشانغانلارغا ئېتىبار بېرىش كىنىشكىسى تارقاتسا، ياشانغانلار شۇ كىنىشكا بىلەن نەرسە ـ كېرەك ۋە بېلەت سېتىۋالسا، ئاپتونوموبىل ۋە ئايروپىلانغا ئولتۇرسا ھەممە باشقا ئېتىباردىن بەھرىمەن بولسا بولىدۇ. كونكرېت ئېتىبار چارىسىنى ناھىيە دە-

رىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى تۈزىدۇ.

28 - ماددا شەھەر پىلانلاش، قۇرۇلۇش تارماقلىرى شەھەر جامائەت ئەسلىھەلىرى، ئاھالە رايونى ۋە ئۆي - جاي پىلانلىغان ۋە قۇرغاندا ياشانغانلارنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، ياشانغانلار پائالىيەت سورۇنى ۋە ياشانغانلارغا مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى يانداشتۇرۇپ لايىھەلىشى ۋە قۇرۇشى كېرەك.

29 - ماددا داۋالاش ئاپپاراتلىرى ياشانغانلارنىڭ داۋالىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشى، ئېتىبار بېرىشى كېرەك. شارائىتى بار داۋالاش ئاپپاراتلىرى ياشانغانلار ئائىلە بالىنىتىسى ئېچىشى، سەييارە داۋالاش، ئۆيىگە بېرىپ داۋالاشنى يولغا قويۇشى كېرەك. شەرت - شارائىت ھازىرلانغان شەھەرلەر ياشانغانلار دوختۇرخانىسى قۇرۇشى، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانىلار شارائىتىغا قاراپ ياشانغانلار مەخسۇس بۆلۈمى ياكى ياشانغانلار ئامبۇلاتورىيىسى ئېچىشى كېرەك. ياشانغانلارنىڭ كېسەللىنىنى خالىي كۆرۈش، ئۇلارغا داۋالاش، ساقلىق ساقلاش بويىچە ھەقسىز مەسلىھەت بېرىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

سەھىيە تارماقلىرى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى ياشانغانلارنى داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش ئىلمىي تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشقا، ياشانغانلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان، كۆپ قوزغىلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە، ياشانغانلار ساقلىقىنى ساقلاش مۇلازىمىتىنى كۆپ خىل شەكىلدە قانات يايدۇرۇشقا، ياشانغانلار ساقلىقىنى ساقلاش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا تەشكىللىشى كېرەك.

30 - ماددا مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە تارماقلىرى ھەر مىللەت ياشانغانلارنى مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇشقا پائال ئۇيۇشتۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىشى لازىم.

مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش ئاممىۋى سورۇنلىرىدا ياشانغانلار پائالىيىتىگە باپ كېلىدىغان تۈر ۋە ئەسلىھە تەسىس قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك پائالىيىتىگە قاتنىشىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلسە بولىدۇ.

31 - ماددا ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

رادىئو - تېلېۋىزىيە، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە نەشرىيات تارماقلىرى جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ئاسراش، كۆتۈش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشتەك ياخشى ئىجتىمائىي كەيپياتنى تەشۋىق قىلىشى ۋە تەشەببۇس قىلىشى، ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەنقىد قىلىشى ۋە پاش قىلىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپلەر، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ياش - ئۆسمۈرلەرگە ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغان ئېسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى كېرەك.

32 - ماددا ياشانغانلار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇشىغا ھەمكارلىشىشى، ياشانغانلارنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىشى، ئۇلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك.

33 - ماددا يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى، مەھەللە باشقارمىلىرى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى، شەھەر ئاھالە كومىتېتلىرى ياشانغانلارنى بېقىشقا دائىر ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم، باققۇچى تۇرۇشلۇق ئورۇن بۇ خىزمەتكە پائال ھەمكارلىشىشى كېرەك.

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ياشانغانلارنى بېقىشقا دائىر ماجىرالار ئۈستىدىكى مۇرەسسە ۋە ھۆكۈمىنى ئالاقىدارلار ئىجرا قىلىشى كېرەك، مۇرەسسە قىلىنغان ۋە ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىنمۇ، باققۇچى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا، بېقىلغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

**34 - ماددا** ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزغە ئۇچرىسا، دەخلى - تەرۇزغە ئۇچرىغۇچى ياكى ئالاقىدار ئورۇن، شەخسلەر ئەرز، شىكايەت، پاش قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرى ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش قىلمىشلىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى لازىم، بىر - بىرىگە ئىتتىرىشكە، ئارقىغا سۈرۈشكە بولمايدۇ.

## 4 - باب قانۇن جاۋابكارلىقى

**35 - ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنى بېقىش، ئۇلارغا قاراش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلارغا باققۇچى ياكى قارىغۇچى تۇرۇشلۇق مەھەللە باشقارمىسى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى ياكى ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنى تەنقىد، تەربىيە بېرىدۇ ھەمدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ تۈزەتمىسە، بېقىلغۇچى ياكى قارالغۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدۇ، ئالاقىدار مەھەللە باشقارمىسى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتى بۇنىڭغا مەدەت ۋە ياردەم بېرىدۇ.

ھوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزغە ئۇچراپ دەۋا قىلغان، ئەمما دەۋا ھەققى تۆلەشتە قىيىنلىپ قالغان ياشانغانلارنىڭ دەۋا ھەققى كېچىكتۈرۈپ ئېلىنسا، كېمەيتىلسە ياكى كەچۈرۈم قىلىنسا بولىدۇ. ياشانغانلار بېقىش ھەققى ياكى قاراش ھەققى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا، خەلق سوت مەھكىمىسى ئاۋۋال بېرىپ تۇرۇش ھەققىدە قانۇن بويىچە قارار قىلسا بولىدۇ.

**36 - ماددا** ياشانغانلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزغە ئۇچرىسا، دەخلى - تەرۇزغە ئۇچرىغۇچى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتىغا ياكى باشقا ئالاقىدار تارماققا ئەرز قىلسا بولىدۇ، ياشانغانلار خىزمىتى ئاپپاراتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئۇنى قوبۇل قىلىشى، قانۇن بويىچە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

**37 - ماددا** مۇشۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنى كەمسىتكەن، ھاقارەتلىگەن، خارلىغانلارغا ئالاقىدار ئورۇن ياكى تەشكىلات تەنقىد، تەربىيە بېرىدۇ؛ ئامانلىق باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلارغا ج خ ئورگىنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن جازا بېرىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**38 - ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىگە ئارىلاشقانلارغا ئۇلار تۇرۇشلۇق جايدىكى مەھەللە باشقارمىسى، شەھەر ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى تەنقىد، تەربىيە بېرىدۇ ھەمدە ئۇلارنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولۇپ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**39 - ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ پۇل - مېلىنى ئوغرىلىغان، ئالداپ ئېلىۋالغان، بۇلىۋالغان، قاقتى - سوقتى قىلغان، قەستەن بۇزۇۋەتكەن ئائىلە ئەزالىرىدىن قىلمىشى يېنىكرەكلىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامى» دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە جازالىنىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**40 - ماددا** بۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلمىغان ئورۇنلارنى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلار سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ. يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىققان بولسا، مەسئۇل خادىمنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**41 - ماددا** خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىش تۈپەيلىدىن ياشانغانلارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ۋە باشقا قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزغە ئۇچراپ، ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىققان بولسا، بىۋاسىتە جاۋابكارنىڭ ۋە ئالاقىدار رەھبەرنىڭ مەمۇرىي جاۋابكارلىقى ۋە قانۇن جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**42 - ماددا** بۇ نىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، ياشانغانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈپ، جازالىنىشقا تېگىشلىك باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارغا ئالاقىدار قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جازا بېرىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

## 5 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**43 - ماددا** بۇ نىزام ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 7 ـ قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىدىن دوكلات

(1999 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 9 ـ يىغىنىدا بېرىلگەن)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلام ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى
مەھەممەت ئىسمايىل

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلىق ، مىللىي يېزىلىق ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 7 ـ قېتىملىق (تۆۋەندە يېزىلىق ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى دېيىلدى) نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى بۇلتۇر 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا باشلانغانىدى، بۇ يىل 3 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 846 يېزا ، بازار ئىچىدە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ تۆت يېزىسى مەمۇرىي رايون ئايرىمىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ ، ئۇ تېخى تەستىقلانمىغانلىقى سەۋەبىدىن نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بارمىغاندىن سىرت، قالغان 842 يېزا ، بازار يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلاش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇندىدى. ھازىر بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام ئەھۋالىدىن تۆۋەندىكىچە دوكلات بېرىمەن:

### 1 . ئاساسىي ئەھۋال

يېزىلىق ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى غەلىبىلىك ئېچىلغان، يېزا ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلىۋاتقان، يېزىلىق ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە ئېلىپ بېرىلدى . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سايلام خىزمىتى ئاپپاراتلىرى پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ شىنجاڭنى كۆزدىن كە چۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قىبلىنامە قىلىپ ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئاساس قىلىپ ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن بويىچە ئىش قىلىپ ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنىڭ ساغلام ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى .

1) ۋەكىللەر قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ياخشىلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنى كەڭ دائىرىلىككە، ئىلغارلىققا، ۋەكىللىككە ئىگە قىلىش پرىنسىپى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلدى .

بۇ قېتىم يېزا دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا جەمئىي 40 مىڭ 431 ۋەكىل سايلاندى ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى، دېھقان، چارۋىچى ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلق 26 مىڭ 927 بولۇپ ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 66.7% نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 41.0% كۆپەيدى ؛ كادىر 10 مىڭ 711 بولۇپ ، 26.5% نى ئىگىلەيدۇ ؛ باشقىلار 2748 بولۇپ 6.8% نى ئىگىلەيدۇ ؛ كومپارتىيە ئەزاسى 25 مىڭ 854 بولۇپ، 63.95% نى، ئايال 10 مىڭ 146 بولۇپ ، 25.1% نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 26.0% كۆپەيدى ؛ ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتتىكىلەر 5844 بولۇپ، 13.71% نى ئىگىلەپ ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن 42.4% كۆپەيدى ؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ) مەلۇماتتىكىلەر 11 مىڭ 731 بولۇپ، 29% نى ئىگىلەيدۇ 55 ياشتىن تۆۋەن ياش، ئوتتۇرا ياش ۋەكىللەر 37 مىڭ

585 بولۇپ، % 93 نى ئىگىلەيدۇ . ئالدىنقى نۆۋەتتىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىشچى، دېھقان، چارۋىچى ۋەكىللەر كۆپەيدى، ۋەكىللەر ئىچىدە ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار كۆپىيىپ، ۋەكىللەر ياشلىشىشقا يۈزلەندى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوتتۇرا، يۇقىرى قاتلامغا تەرەققىي قىلدى، ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلما نىسبىتى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتى، ۋەكىللەرنىڭ ئومۇمىي ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، يېڭى سايلانغان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە، بېيىتىشقا يېتەكلىگەن ئىلغارلار، كەسپىي ئائىلىلەر، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ماھىرلارمۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىلىرىمۇ بار .

2) يېزىلىق، بازارلىق دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزە ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى .

نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى يېزا، بازارلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كادىرلارنى «تۆتلەشتۈرۈش» ئۆلچىمى ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپى بويىچە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىجرا قىلغان، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قارشى تۇرغان، سىياسىي نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان، ئاممىنى ئىپتىراپ قىلىدىغان، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە يېتەكلەيدىغان مۇنەۋۋەر رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزدى . ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەت ئالماشتۇرغان 842 يېزا، بازارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىغا جەمئىي 824 نەپەر رەئىس سايلاپ چىقىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ۋەزىپىدىكىلەر 702 نەپەر بولۇپ، % 3 . 85 نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن % 18 . 5 كۆپەيگەن، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى 178 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ۋەزىپىدىكىلەر 166 نەپەر، سايلاپ چىقىلغان مەخسۇس ۋەزىپىدىكى رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلەر ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىدىكىلەر 219 نەپەر بولۇپ، % 2 . 25 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ) دىن يۇقىرى مەلۇماتتىكىلەر 541 نەپەر بولۇپ، % 3 . 62 نى ئىگىلەيدۇ؛ 55 ياشتىن تۆۋەنلىرى 798 نەپەر بولۇپ، % 9 . 91 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاياللار 40 نەپەر بولۇپ، % 6 . 4 نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن % 39 . 1 كۆپەيگەن . سايلاپ چىقىلغان 3979 نەپەر يېزىنىڭ، بازارنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى ئىچىدە، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتتىكىلەر 2245 نەپەر بولۇپ، % 4 . 56 نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن % 62 . 14 كۆپەيگەن؛ ئوتتۇرا تېخنىكوم (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ) دىن يۇقىرى مەلۇماتتىكىلەر 1580 نەپەر بولۇپ، % 7 . 39 نى ئىگىلەيدۇ . 55 ياشتىن تۆۋەنلىرى 3970 نەپەر بولۇپ، % 8 . 99 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاياللار 494 نەپەر بولۇپ، % 4 . 12 نى ئىگىلەپ، ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن % 81 . 0 كۆپەيگەن . نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئارقىلىق، يېڭى بىر نۆۋەتلىك يېزا، بازارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ سىياسىي ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، يېشى، ئومۇمىي قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ياخشىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى پايدىلىق تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى .

3) ھەر مىللەتتىن بولغان سايلىغۇچىلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىگە بولغان تونۇشى ئۆستى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى .

نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، جايلار كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ كادىرلار ۋە ئاممىنى پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ھوقۇقى، مەجبۇرىيىتى ۋە

ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي سىياسىي، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ۋە يوللىرىنى تەشۋىق قىلدى. تەشۋىق ـ تەربىيە ۋە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىدىن ئىبارەت توپ سىياسىي تۈزۈمگە بولغان تونۇشى ئۆسۈپ، ھەر مىللەت سايلىغۇچىلىرى چوڭقۇر سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە ئىگە بولدى، ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش شەرەپ تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتتى، ھەممەيلەن سايلام پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، تەنتەنە بىلەن مۇقەددەس بېلەت تاشلىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بۇ قېتىمقى سايلامغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك 5 مىليون 978 مىڭ 564 سايلىغۇچىنىڭ 5 مىليون 391 مىڭ 941 ى بېلەت تاشلاپ سايلامغا قاتنىشىپ ئاۋاز بەردى، سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى 91%. 90 گە يەتتى.

سايلامدا، جايلار مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى، سايلام قانۇنى، يەرلىك تەشكىللىي قانۇن ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ بېۋاسىتە سايلامنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر سايلىمىغا دائىر بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئۆز مىللىتى ئىچىدە پەرقلىق ساندا سايلام ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىدا ھەر قايسى مىللەتنىڭ مۇۋاپىق ساندا ۋەكىلى بولدى، شۇ جايدىكى بىر قانچە ئاساسلىق مىللەتتىن مۇۋاپىق ساندىكى خادىم يېزا، بازارنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلاندى. سايلاپ چىقىلغان 40 مىڭ 431 نەپەر يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 31 مىڭ 450 نەپەر بولۇپ، 8% . 77 نى ئىگىلەيدۇ. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلانغان 823 نەپەر رەئىس ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت 637 نەپەر بولۇپ، % 8 . 77 نى ئىگىلەيدۇ؛ سايلاپ چىقىلغان 836 نەپەر يېزا، بازار باشلىقى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت 745 نەپەر بولۇپ، % 1 . 89 نى ئىگىلەيدۇ. سايلاپ چىقىلغان يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە، ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋەكىللەر سانىنىڭ ۋەكىللەر ئومۇمىي ساندا ئىگىلىگەن نىسبىتى نوپۇس سانى نىسبىتىدىن تۆۋەن بولدى. باشقا مىللەت ۋەكىللەر سانىنىڭ ۋەكىللەر ئومۇمىي ساندا ئىگىلىگەن نىسبىتى نوپۇس سانى نىسبىتىدىن يۇقىرى بولدى، بۇ نوپۇسى كۆپ مىللەتنىڭ نوپۇسى ئاز مىللەتكە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**2 . ئاساسلىق ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەر**

(1) پارتكوملارنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىشنىڭ ئاچقۇچى

يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1998 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارمۇ تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ يوليورۇق سوراش دوكلاتىنى ۋاقتىدا تەستىقلىدى ۋە تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى پارتكومنىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، خىزمەت دوكلاتىنى ۋاقتىدا ئاڭلاپ، سايلامدىكى چوڭ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىن چىقىرىلغان قىسقا خەۋەر ۋە سايلام ئىشخانىسى تۈزگەن «ئەھۋالدىن ئىنكاس» نى كۆرۈپ تۇردى، قىسقا خەۋەردە ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ۋە سايلام ئىشخانىسى بىرلىشىپ «يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈرۈش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە

ئۇنىڭدىن خەۋەر بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن سايلام ئىشخانىسى بىرلىشىپ «ئاپتونوم رايوندىكى يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ 7 ـ قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى ۋە تەشۋىقات تېزىسىنى تارقاتتى . جايلاردا پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ياكى سايلام ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە مۇقىملىق خىزمىتى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ ئىلگىرى سۈردى . مۇتلەق كۆپ ساندىكى جايلار كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى بالدۇر تۇتقاچقا، ئالماشتۇرغان كادىرلار مۇددەتتىن بۇرۇن ئورنىغا كېلەلىدى . ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكوم بەزى ناھىيە، شەھەرلەردە كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش داۋامىدا ساقلانغان يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئاچماي، بەلكى يېنىكلىك بىلەن تەيىنلەش، قالدۇرۇش قارارىنى ئېلان قىلىپلا ئىشنى تاماملاشتەك ئەھۋالغا قارىتا، ۋىلايەتلىك تەشكىلات بۆلۈمى ۋە ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنى بىرلىكتە «يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى نۆۋەت ئالماشتۇرۇشتىن بۇرۇن كادىرلارنى ئالماشتۇرۇشتا جەزمەن قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقىتىشقا بۇيرىدى؛ تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى تېلېۋىزىيىدە سۆز قىلىپ، سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەققىدە تەلەپ قويدى . ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، سايلام خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى .

(2) ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى، ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى ۋە سايلام خىزمىتى ئاپپاراتلىرى تەڭ دەرىجىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 5 ـ يىغىنى «يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام ۋاقتى توغرىسىدا قارار» چىقاردى، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلدى . يىغىندا مۇدىر ھامىدىن نىياز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە كونكرېت تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ سايلام باشلانغاندىن كېيىن، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا كۆرۈلگەن قانۇنغا خىلاپ مەسىلىلەرگە قارىتا، مۇدىر ھامىدىن نىياز پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش بىلەن دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى . ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلام ئىشخانىسى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى پاش قىلىش تېلېفونى تەسىس قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى ). سايلام ئىشخانىسى سايلىغۇچىلار پاش قىلغان مەسىلىلەرنى بىرمۇبىر تىزىملىدى، بىرمۇبىر تەكشۈردى ۋە جاۋاب بەردى؛ «سايلام خىزمىتى قوللانمىسى» نى تۈزۈپ، سايلام باشلىنىشتىن بۇرۇن يەتتە خىل سايلام ماتېرىيالىنى جايلارغا ۋاقتىدا ئاپىرىپ بەردى؛ تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىنىڭ ۋەكىل سايلاشتا نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى تۇتۇشىغا ھەمكارلاشتى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، شىخو، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق ئون نەچچە ناھىيە، شەھەرلەرگە بېرىپ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمـ

تىگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۆنى تەكشۈردى . پۈتۈن
ئاپتونوم رايوندا سايلام خىزمىتىگە جەمئىي 1 ـ مىڭدىن
ئارتۇق كادىر ئاجرىتىلدى، 30 مىڭدىن ئارتۇق سايلام
تايانچىسى يېتىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ھەر بىر سايلام
رايونىدا ئاز دېگەندە بىردىن ئىككىگىچە كادىر ، ئۈچتىن
تۆتكىچە تايانچ بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى . بارىكۆل ،
كۆكتوقاي ، بۇرۇلتوقاي قاتارلىق ناھىيىلەردىكى سايلام
خىزمەتچىلىرى نۆلدىن تۆۋەن 30 سىلسىيە گىرادۇس
قاتتىق سوغۇققا قارىماي، ئات بىلەن تارقاق ئولتۇراق-
لاشقان چارۋىچى ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئاتلىق بېرىپ
تەشۋىق قىلدى . كۆپلىگەن سايلام رايونلىرىنىڭ ئائى-
لىلەرگە بېرىپ تەشۋىق قىلىش نىسبىتى % 100 گە
يەتتى . كۆپ قاتلام، كۆپ تەرەپلىمە، ئۈنۈملۈك تەشۋىق
قىلىش ئارقىلىق يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلى-
رىنىڭ سايلىمىدىن ھەممە ئائىلە، ھەممە كىشىنى خە-
ۋەردار قىلىپ، ھەر مىللەت سايلىغۇچىلىرىنىڭ تونۇ-
شىنى ئۆستۈردى ، سايلامغا قاتنىشىش قىزغىنلىقىنى
ئاشۇردى . ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، سانجى، بايىنغولىن
ئوبلاستى، تۇرپان قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا قاراي-
دىغان ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر دەرىجىلىك
ئورۇن يەنە بىر دەرىجىلىك ئورۇنغا مەسئۇل بولۇش، ھەر
قەدەمدە قانۇن ئۆگىنىش، ھەر بىر باسقۇچتىكى ئىش-
لارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ھەر بىر ئىشنى قىلغاندا،
قانۇنغا خىلاپلىق قىلماسلىقتەك ئۇسۇلنى قوللىنىپ،
نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق
بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى .

(3) ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىرلىشىپ ھەم-
كارلىشىپ ۋە ماسلىشىپ ئىشلىشى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش
سايلىمىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنىڭ مۇھىم شەرتى .
يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ
بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىدە ئاپ-
تونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى تەرەپلەر زىچ ماسلاشتى
. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرى
بىلەن ئاخبارات ئورۇنلىرى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلى-
مىنى ئاساسىي قاتلام دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشى-
نىڭ مۇھىم ئەمەلىي پائالىيىتى قىلىپ، مۇھىم ئورۇنغا
قويدى، ئۇلار رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت قاتارلىق
ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ خەلق قۇرۇلتىيى
تۈزۈمى ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى كەڭ تەشۋىق
قىلدى، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدىن ۋاقتىدا خەۋەر
بېرىپ تۇردى ؛ ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت
مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكى-
مىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «سايلامغا بۇزغۇنچىلىق
قىلغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قانۇن بو-
يىچە زەربە بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلىق ،
بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش
سايلام خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا
كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «تەپتىش
ئورگىنىغا خاس مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ،
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇ-
رۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى-
نىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش
توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك سوت
، تەپتىش مەھكىمىلىرىدىن نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام
خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا توسقۇنلۇق
، بۇزغۇنچىلىق قىلغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قا-
نۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلدى ؛ ئاپ-
تونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مالىيىدە قىيىنچىلىق
بار ئەھۋالدا نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىغا ئىشلىتىل-
دىغان مەخسۇس خىراجەتنى ۋاقتىدا ئاجراتتى ۋە 30 نام-
رات ناھىيە، شەھەرنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى
ئۈچۈن ياردەم قىلىپ خىراجەت بەردى . جايلار ئادەم
كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ، قاتناش قاتارلىق
جەھەتلەردە سايلام خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ،
نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ
بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى .

(4) دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش،
قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش نۆۋەت ئالماش-
تۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى
. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ
نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم
، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە سايلام خىز-
مىتى ئاپپاراتلىرى قەتئىي تۈردە قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋا-
قىت ۋە تەرتىپ بويىچە ئىش قىلىپ، سايلىغۇچىلار ۋە
ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا، سايلام نەتىجى-
سىگە ھۆرمەت قىلىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەي-

تىش، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە قەتئىي
تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى ئورگانىك ھالدا بىر-
لەشتۈرۈپ، بىرلىك، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ
بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمىنى پارتىيە
15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يى-
غىنى روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ھەقىقىي كونكرېت
ئەمەلىيىتى قىلدى . كورلا، ئاراتۇرۇك قاتارلىق شەھەر
، ناھىيىلەر ۋەكىل نامزاتلىرىنى غۇلغۇلا قىلىش داۋامىدا
سايلام رايونىغا ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلما نىسبىتىنى، رامكا
، قائىدە بەلگىلەپ بېرىدىغان ئىشنى قىلماي، سايلى-
غۇچىلارنى دېموكراتىك ئاساستا نامزات كۆرسىتىش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ ياخشى
باھاسىغا ئېرىشتى . ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتلىرى پارتىيە رەھبەرلىكىگە تايىنىپ،
نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، قا-
نۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش قىلماسلىق ئەھ-
ۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ قەتئىي تۈزەتتى . تارباغاتاي ۋى-
لايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى ئايرىم
سايلام رايونلىرىنىڭ ۋەكىل نامزاتلىرىنى قانۇنغا خىلاپ
ھالدا بېكىتىپ بېرىش قىلمىشىنى تۈزىتىپ، قايتا
سايلام ئېلىپ باردى . ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇل-
تىيى دائىمىي كومىتېتى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپ-
پىسى تەشكىللەپ، شىخو شەھىرى شىچاۋ سۆگەتلىك
كەنتى سايلام رايونىنىڭ سايلامدا قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق
قىلىش مەسىلىسىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ
قانۇنغا خىلاپ ئۇسۇلىنى تۈزىتىپ، قايتىدىن سايلام
ئۆتكۈزدى، شىخو شەھىرى ئالاقىدار جاۋابكارلارنى قاتتىق
بىر تەرەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتى سايلام ئىشخانىسى مۇشۇ ھەقتە پۈ-
تۈن ئاپتونوم رايونغا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى .

(5) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش،
مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش نۆۋەت ئالماشتۇ-
رۇش سايلىمىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ تۈپ چىقىش
نۇقتىسى

سايلام جەريانىدا، جايلار يېتەكچى ئىدىيىدىن
تارتىپ خىزمەت ئۇسۇلىغىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
سايلام خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ياخشى ئىشلەشكە ئىن-
تايىن ئەھمىيەت بەردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
كۈچەيتىش. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ ئىتتىپاق
بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەق-
قىي قىلدۇرۇشنى تۈپ يېتەكچى ئىدىيە، نۆۋەت ئالماش-
تۇرۇش سايلىمى خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇ-
شى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى قىلىش
لازىم دەپ تەكىتلىدى . ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە
«ئاپتونوم رايوننىڭ بىۋاسىتە سايلامنى يولغا قويۇش
تەپسىلىي قائىدىسى» دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
سايلىمىغا ئائىت بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىپ
. ۋەكىللەر سانىنى تەقسىملەش لايىھىسىنى بېكىتكەندە
، ئاھالىسى كۆپ مىللەت ئاھالىسى ئاز مىللەتكە ئېتىبار
بېرىشتە چىڭ تۇردى : ۋەكىللەر نامزاتلىرىنىڭ ئى-
سىملىكىنى بېكىتكەندە، سايلام ھەيئىتى كۆپ سانلىق
سايلىغۇچىلارنىڭ پىكرىگە ، شۇ جاينىڭ مىللەت قۇ-
رۇلمىسىغا ۋە ھەر قايسى مىللەتتىن مۇۋاپىق ساندا ۋە-
كىل بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن بېكىتتى ؛ سايلام
ۋاقتىدا «نامزات قايسى مىللەتتىن بولسا شۇ مىللەتتى
ئىچىدە پەرقلىق سان بويىچە سايلاش» تا چىڭ تۇرۇپ ،
ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ ئاھالىسى بىر قەدەر
ئاز بولغان مىللەتلەرنىڭ يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇ-
رۇلتايلىرىدا قانۇندا بەلگىلەنگەن ساندا ۋەكىلى بولۇشىغا
كاپالەتلىك قىلدى . يېزا، بازار دەرىجىلىك دۆلەت
ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى سايلىغاندا، مىللەت قۇ-
رۇلمىسىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، جايلارنىڭ
ھەممىسى دېگۈدەك قوللانغان ئۇسۇلى مۇنداق: قۇرۇلتاي
ھەيئەت رىياسەتچىسى ئۆز جايىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مىللەت
قۇرۇلمىسى، كادىرلارنىڭ ساپاسى ۋە رەھبەرلىك بەنزى-
سىنىڭ مىللەت قۇرۇلمىسىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى
ھالىتىگە قاراپ، شۇ مىللەت ئىچىدە پەرقلىق ساندا
سايلاش دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قۇرۇلتاي يىغى-
نىنىڭ سايلام چارىسىدە يېزا، بازار دەرىجىلىك دۆلەت
ئورگىنى رەھبەرلىرىنىڭ مىللەت قۇرۇلمىسى توغرى-
سىدا پىكىر قويۇش، ئۇنى ۋەكىللەر مۇزاكىرە قىلغاندىن
كېيىن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ماقۇللىشىغا سۇنۇش .
ئۇلار شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆز جايىدىكى بىر قانچە
ئاساسلىق مىللەتنىڭ مۇۋاپىق ساندىكى خادىملىرىنىڭ
يېزا، بازارنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلىنىشىغا كاپالەتلىك
قىلدى . جايلار يۇقىرىقىدەك ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەد-

بىرلەرنى قوللانغاچقا، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتتى، بۇنىڭدىن ھەر مىللەت خەلقى رازى بولدى.

### 3. تۈزىتىشكە ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر

1. بەزى جايلاردىكى ئايرىم رەھبىرىي كادىرلار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن - نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگەنمەي، دېموكراتىك ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشى ئاجىز بولۇپ، سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلماي، ئۆز - ئۆزىنى قانۇن ئورنىدا دەسسىتىپ، دېموكراتىيىنى باسقاچقا، سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەرنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، سايلامنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر يەتكۈزگەن.

2. بەزى جايلاردا ۋەكىل نامزاتى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە نەچچە قېتىم مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈش، سايلىغۇچىلارنىڭ قايتا - قايتا غۇلغۇلا، مۇزاكىرە قىلىشىغا قويۇش ئارقىلىق، كۆپ ساندىكى سايلىغۇچىلارنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن بېكىتىلمەي، بەلكى، ئاز ساندىكى ئادەملەر تەرىپىدىن بېكىتىلگەن؛ بەزى جايلاردا يېزا، بازار رەھبەرلىرىنى سايلىغاندا، ھەيئەت رىياسىتى نامزاتنى «پەرقلىق ساندا كۆرسىتىپ» يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغان؛ بەزى جايلاردا خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى پەقەت بىر كۈن ياكى بىر يېرىم كۈنلا ئېچىلغاچقا، رەھبەر نامزاتىنى غۇلغۇلا قىلىپ كۆرسىتىش ۋاقتى يېرىم كۈنگىمۇ بارمىغان، بۇ ھال ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە دېموكراتىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

3. بەزى جايلاردا سايلام رايونىغا ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلما نىسبىتى زورمۇزور چۈشۈرۈلۈپ، كۆرسىتىپ ۋە ئەۋەتىپ سايلاتقۇزۇشتەك ئەھۋال كۆرۈلگەن، سايلىغۇچىلار بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولغان. ئۇنداقتا قانداق قىلىپ ۋەكىللەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى زورمۇزور بەلگىلەپ بەرمەسلىك ھەممە سايلامدا ھەر قايسى ساھەنىڭ ۋەكىللىنى سايلاپ چىقىشتەك ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇنى جىددىي مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

4. ئايرىم كىشىلەر يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ سايلامدا ئۆز ئىرادىسىنى قانۇن بويىچە ئىپادىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەچكە، سايلاپ چىقىلغان ۋەكىل ياكى رەھبەرنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان شۇنداقلا شۇ جاينىڭ تىنچ، ئىتتىپاقلىقىغا ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە يامان تەسىر كۆرسەتكەن.

يۇقىرىدىكى ساقلانغان مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى سايلام جەريانىدا تۈزىتىلدى ۋە بىر تەرەپ قىلىندى، بەزىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە ئىرىشىپ تۈگىتىپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك.

### 4. تەسىراتىم

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى ۋە 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا ئەگىشىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ئېڭى ۋە قانۇنچىلىق كۆز قارىشى روشەن ھالدا كۈچەيدى، دېموكراتىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش تەلىپى بارغانسېرى كۈچەيدى، ئۇلار پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ۋە دۆلەت قانۇنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلالايدىغان، خەلق ئۈچۈن ھەقىقىي ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغان، كۆپچىلىكنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشكە، بېيىتىشقا يېتەكلىيەلەيدىغان، كىشىلەرنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋە يېزا، بازارنىڭ رەھبىرى قىلىپ سايلاشنى تەلەپ قىلماقتا. «رەھبەر ئىسمىلىكنى بېكىتىپ بېرىدىغان، ئامما بەلگە قويىدىغان» ئۇسۇللار ئەمدى ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى، كۆرسىتىپ ۋە ئەۋەتىپ سايلاتقۇزىدىغان ئىشلارنى قىلىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلمايدىغان، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە سايلام ئۆتكۈزمەيدىغان قىلمىشلار بارغانسېرى ئاممىنىڭ توسۇشىغا ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرىماقتا. سايلامدا پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش بىلەن دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم قانۇن ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش، قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيدۇ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ.


# يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

(بېشى 5 ـ ساندا)

3. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سالاھىيىتى قانداق بېكىتىلىدۇ؟

قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋاستىلىك سايلاش ئۇسۇلى بىلەن سايلىنىدۇ. يەنى ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيى ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلايدۇ؛ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىۋاسىتە سايلىنىدۇ. يەنى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار بىۋاسىتە سايلايدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە بېلەت تاشلاپ سايلانغاندىن كېيىن، سايلام ھەيئىتى ياكى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى سايلام نەتىجىسىنى ئېلان قىلىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتى چوقۇم شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى كېرەك. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ياكى قىسمەن ۋەكىللەرنىڭ سايلىنىشىنىڭ ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى بېكىتىدۇ. ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئېتىراپ قىلىنغان ۋەكىللەر تىزىملىكى ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدىن بۇرۇن ئېلان قىلىنىدۇ. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ئورگان تەسىس قىلىنمىغانلىقتىن، ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدىن بۇرۇن ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ھەر بىر ۋەكىلنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى تەكشۈرۈپ چىقىلىدۇ، تەكشۈرۈش نەتىجىسى خەلق قۇرۇلتىيىغا سۇنۇلغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنىدۇ.

ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى قانداق تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ؟ قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋەكىللەرنىڭ سايلىنىشىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرىدۇ، يەنى ۋەكىللەرنىڭ سايلىنىش ھوقۇقى بارمۇ ـ يوق، سايلام قانۇنىدا بېكىتىلگەن تەرتىپكە ئۇيغۇن كېلەمدۇ ـ يوق، پەرقلىق سان سايلىمى ئۇسۇلى قوللىنىلدىمۇ ـ يوق، قانۇندا بېكىتىلگەن ئاۋاز سانىغا



ئېرىشەلەمدۇ ــ يوق، بېلەت تاشلاش ئۇسۇلى سايلام قانۇنىغا ئۇيغۇن كەلدىمۇ ــ يوق، دېگەنلەرنى تەكشۈرىدۇ. سايلام قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولسىلا، ۋەكىللەرنىڭ سايلىنىشى ئىناۋەتلىك دەپ بېكىتىلىشى كېرەك. قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولمىسا، ۋەكىللەرنىڭ سايلىنىشى ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا، بىز دائىم مۇنداق مەسىلىگە يولۇقىمىز: بەزى ۋەكىللەر ياكى ئامما ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ ۋەزىپىسىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، ئۇلار ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىگە خەت ئەۋەتىپ، مەلۇم ۋەكىلنىڭ خىزمەت جەريانىدىكى مەسىلىسىنى ياكى ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى ئىنكاس قىلىپ، بۇ ۋەكىلنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋەكىللەر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى تۈپەيلىدىن مەلۇم بىر ۋەكىلنىڭ سالاھىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ. ئەگەر ۋەكىللەر خاتالاشقانلىقى ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە ماس كەلمىسە، ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئەسلىدىكى سايلام ئورنى ئۇنى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرسا بولىدۇ ياكى شۇ ۋەكىل ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرسىمۇ بولىدۇ.

**4 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانداق ئەھۋالدا ۋاقىتنچە توختاتسا بولىدۇ؟**

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكى بىر قانۇنىي ۋەزىپە. قانۇندا ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىنىڭ كاپالەتلىرى بەلگىلەنگەن بولۇپ، بارلىق ئورۇن، شەخسلەردىن ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزۈشىنى قوللاش تەلەپ قىلىنغان. ئەمما، بەزى ۋەكىللەر جىنايى ئىشلار دېلوسى تۈپەيلىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈلۈۋاتقان، ئەيىبلىنىۋاتقان، سوتلىنىۋاتقان ياكى قانۇن بويىچە رېجىمغا ئېلىنغان، تۇتۇپ تۇرۇلغان ياكى مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈمى ئېلان قىلىنغان، ئەمما سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنمىغان بولسا؛ جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان، لېكىن ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئەسلىدىكى سايلام ئورنى ئۇنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قالدۇرمىغان بولسا، مۇنداق ۋەكىل ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى ۋاقىتنچە توختىتىشى كېرەك. بۇنداق قىلىش بىر تەرەپتىن، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئوبرازىنى قوغداشقا پايدىلىق، يەنە بىر تەرەپتىن، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىمۇ قولايسىز بولىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ۋاقىتنچە توختىتىشتا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

(1) بۇ يەردە ئېيتىلغان ۋەكىللەرنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇشى، تەكشۈرۈلۈشى، ئەيىبلىنىشى، سوتلىنىشى ياكى رېجىم، تۇتۇپ تۇرۇش ياكى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى قاتارلىقلار قانۇنىي تەرتىپكە ئاساسەن شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن قوللىنىلغان ۋەكىللەرنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان قانۇنىي چارىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ۋەكىللەرنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكىنى چەكلەش، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ۋاقىتنچە توختىتىش ھوقۇقى يوق.

(2) ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى سايلىغۇچى ئورۇننىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئادەتتە جىنايى ئىشلار دېلوسى تۈپەيلىدىن تۇتۇپ تۇرۇلغان، تەكشۈرۈلگەن، ئەيىبلەنگەن، سوتلانغان ياكى قانۇن بويىچە رېجىمغا، قاماققا ياكى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ۋەكىللەرنى ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئەسلىدىكى سايلام ئورنى قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ. ئەگەر ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، ئەسلى سايلام رايونى ياكى سايلىغۇچى ئورۇن ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاشنى خالىمىسا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى باشقا تەشكىلىي ئورۇنلار ئۇلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشى، ۋەكىلنىڭ كىشىلىك ئەر-

كىنىكى ئەسلىگە كېلىشتىن بۇرۇن، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزۈشىنى ۋاقتىنچە توختىتىشى كېرەك. ئەگەر ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئەسلىدىكى سايلىغۇچى ئورۇن ۋەكىلىنى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇندا بەلگىلەنگەن قالدۇرۇش تەرتىپى بويىچە، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىشىغا ياردەملىشىشى كېرەك.

(3) ۋەكىللىك ۋەزىپىسى ۋاقتىنچە توختىتىلغان ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ۋاقتىنچە توختىتىشتىكى سەۋەب يوقالغان ھامان، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ھوقۇقى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى لازىم.

**5. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سالاھىيىتى قانداق ئەھۋالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ؟**

ۋەكىللىك سالاھىيىتىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى دېگىنىمىز، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قانۇنى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ۋەكىللىك سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن ۋەكىللىك ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشتىن قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قانۇنى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرى كۆرۈلسە ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

(1) يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز مەمۇرىي رايونىدىن كۆچۈپ ياكى يۆتكىلىپ كەتكەن بولسا ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. بۇ. تەستىق ئارقىلىق قىسقا مۇددەت چەت ئەلگە چىققانلارنى ياكى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن باشقا مەمۇرىي رايونلاردىكى ئۆزى تۇرۇۋاتقان مەمۇرىي رايون باشقۇرۇشىدا بولغان ئورگان ھەمدە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

(2) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ياكى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالىدۇ.

(3) ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ تەستىقلانغان ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئەمەلدىن قالىدۇ.

(4) شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنلىرىغا ئىككى قېتىم رۇخسەتسىز قاتناشمىغان ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

(5) جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ جازا ھۆكۈم قىلىنغان ھەمدە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

(6) ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئەسلى سايلىغۇچى ئورۇن ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغانلارنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

(7) ۋەكىللەر ئۆلۈپ كەتسە ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالىدۇ.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىدۇ ھەمدە ئېلان قىلىدۇ.

يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا مەلۇم قىلىدۇ. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ئېلان قىلىدۇ.

**6. قانۇندا خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپ قايسى؟**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خادىمى. ئۇلار قانداق قىلغاندا ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىپ، خەلق رازى بولىدىغان خەلق ۋەكىلى بولالايدۇ؟ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلار تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

(1) ۋەكىللەر ۋەكىللىك ئېڭىنى كۈچەيتىشى،

ۋەكىللىك خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىشى لازىم
. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا، دۆلىتىمىزدە بارلىق ھا-
كىمىيەت خەلققە مەنسۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇل-
تىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى
خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگان-
لىرىدۇر، دەپ بەلگىلەنگەن. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇ-
رۇلتايلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇش-
تەك فۇنكسىيىلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش
ياكى قىلدۇرالماسلىقى، دۆلەت ۋە يەرلىكنىڭ ئىشلى-
رىنى ياخشى باشقۇرۇش ياكى باشقۇرالماسلىقى، خەلق
ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش دېگەن تۈپ پرىنسىپنى گەۋ-
دىلەندۈرۈش ـ گەۋدىلەندۈرەلمەسلىكى ھەر دەرىجىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خىزمىتى ۋە رولى بە-
لەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇل-
تىيى ۋەكىللىرى ئۆز سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلارغا
ياكى ئۆزىنى سايلىغان ئورۇن ۋە خەلق ئاممىسىغا قارىتا
يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسى بىلەن ۋە-
كىللىك ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈشى، شۇ دەرى-
جىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىغا ئاكتىپ قاتنى-
شىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئىن-
كاس قىلىشى، تۈرلۈك خىزمەتلەر توغرىسىدا تەكلىپ،
تەنقىد ۋە پىكىر بېرىشى لازىم. يىغىن يېپىق مەزگىلدە
ۋەكىللەر گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ۋە شۇ دەرى-
جىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۇيۇشتۇ-
رغان پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىششى، ئامما ئارى-
سىغا چوڭقۇر چۆكۈشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىج-
تىمائىي تۇرمۇشنى ھەمدە خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر
قىسىم مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى ۋە ئى-
گىلىشى، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋە
تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشىگە ھەم-
كارلىششى كېرەك.

(2) ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك ھالدا
رىئايە قىلىپ، ئۆزى قاتناشقان ئىشلەپچىقىرىش،
خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئاساسىي قانۇن ۋە
قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ھەمكارلىششى لازىم.
پۈتۈن مەملىكەتتىكى 3 مىليوندىن ئارتۇق خەلق قۇرۇل-
تىيى ۋەكىلى ھەر قايسى سەپلەر، ئورۇنلار، رايونلاردا
خىزمەت قىلماقتا، تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ
ئىچىدە ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار، ئورگان كا-
دىرلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى، سودا ـ
سانائەتچىلەر، كارخانىچىلار ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ ۋە-
كىللىرى بار، ئۇلار ئاما ئىچىدە كەڭ ۋەكىللىك خا-
راكتېرىگە ۋە تەسىرگە ئىگە. ۋەكىللەرنىڭ رولى ۋە
ھەرىكىتى شۇ رايون ۋە شۇ ئورۇننىڭ خىزمىتىگە مۇ-
ئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. قانۇن ـ ئىنتىزامغا ئاڭلىق
رىئايە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە ئىجتى-
مائىي تۇرمۇشتا ئۈلگىلىك، باشلامچىلىق رول ئويناش
ھەمدە دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلىرى ۋە پارتى-
يىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللا-
شتۇرۇشنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىش ۋە خەلق قۇرۇلتى-
يىنىڭ تۈرلۈك قارار، بەلگىلىمىلىرىنى ئاكتىپ تەش-
ۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى را-
ۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەم-
مەللەشتۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، دۆلىتىمىز-
نىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تېخىمۇ زور تە-
رەققىياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش — قانۇندا
خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە قويۇلغان ئەڭ ئاساسىي
تەلەپ.

(3) ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار بىلەن
ياكى ئۆزىنى سايلىغان ئورۇن ۋە خەلق ئاممىسى بىلەن
زىچ ئالاقە باغلاپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئىن-
كاس قىلىپ، تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى
كېرەك. خەلق ۋەكىللىرى خەلق ئاممىسى دۆلەت ھا-
كىمىيەت ئورگىنىغا دۆلەت باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈر-
گۈزۈشكە تاللاپ ئەۋەتكەن شەرەپلىك ئەلچى. خەلق ئام-
مىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇش، خەلقنىڭ
مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، خەلقنىڭ
پىكرى ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىش، تىرىشىپ
خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋەكىللەرنىڭ ئاساسلىق
مەسئۇلىيىتى. ياخشى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بو-
لۇش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ
مۇناسىۋەت باغلاش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئاممىنىڭ
توغرا پىكىرلىرىنى يىغىشقا يەتكۈزۈشكە ماھىر بولۇش
كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، توغرا پىكىرلەرگە قارىتا پرىن-
سىپتا، خەلق مەنپەئىتى مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، سەۋر-

چانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈش ۋە قايىل قىلىش كېرەك.

(4) ۋەكىللىك بۇرچىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئۆزىنى سايلىغان ئورۇننىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش قانۇن ئاتا قىلغان ۋەزىپە بولۇپ، ۋەكىللەر ئېغىر مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان. بۇ خىل مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپە خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن مەلۇم ئىجتىمائىي پائالىيەتچانلىقتا ۋە سىياسىي ئىشلارنى مۇلاھىزە قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋەكىللەردە بىر قەدەر يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە بىر قەدەر ياخشى جىسمانىي شەرت بولۇشى كېرەك. قانۇندا قويۇلغان تەلەپكە ئاساسەن، ۋەكىللەر بىر تەرەپتىن، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى، پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشى لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇشى، ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئۆزىنى سايلىغان ئورۇنغا ھەر خىل ئۇسۇل ۋە شەكىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىدىن دوكلات قىلىپ تۇرۇشى، ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشى لازىم.

(5) ۋەكىللەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ۋەكىللەرنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا ۋە يىغىن يېپىق مەزگىلدىكى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىش ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىنى تىرىشىپ ئادا قىلىش ھەر بىر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. ۋەكىللەر چوقۇم ۋەكىللىك خىزمىتىنى جان - دىل بىلەن ياخشى ئىشلىشى لازىم. قانۇندا ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا بەھرىمەن بولىدىغان قانۇنىي كاپالەت توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان. بۇ بەلگىلىمىلەر قانۇنىي جەھەتتىكى كاپالەتنىمۇ، ماددىي جەھەتتىكى كاپالەتنىمۇ ۋە باشقا جەھەتتىكى كاپالەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قانۇنىي پائالىيەتلەر ئاساسىي قانۇن، تەشكىلىي قانۇن، ۋەكىللەر قانۇنى ۋە ئالاقىدار يەرلىك قانۇنلاردا گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ۋەكىللەر چوقۇم بۇ قانۇنلارنى پىششىق بىلىشى ھەمدە قانۇنىي قورالدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىشى لازىم. ۋەكىللەر ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا ياكى كىشىلىك ئەركىنلىكى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىسا، خىزمەت جەريانىدا قىيىنچىلىققا يولۇقسا ئالاقىدار قانۇن بەلگىلىمىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ ياردەم بېرىشىنى ۋە قوللىشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

**7. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋەزىپە مۇددىتى ئىچىدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتى بېجىرگەن بولسا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىكىدىن ئىستېپا بېرىشى كېرەكمۇ؟**

ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، سىياسىي ھوقۇقتا ئىگە 18 ياشقا تولغان جۇڭگو پۇقراسى سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان پۇقرالارنىڭ ھەممىسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلانسا بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ۋەكىللەرمۇ، يېشى چوڭراق ۋەكىللەرمۇ بار. مەسىلەن، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە يېشى 61 دىن ئاشقان ۋەكىل 500 دىن ئارتۇق. ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. ۋەكىللەر ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى نورمال ئىجرا قىلالىسىلا، ۋەزىپە مۇددىتى ئىچىدە دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتى بېجىرگەن بولسىمۇ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرمىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ۋەكىللەر سالامەتلىك ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشتا قىيىنچىلىق تۇغۇلسا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرسە بولىدۇ.

**8 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرسە بولامدۇ؟**

قانۇنى بەلگىلىملەرگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سالامەتلىكى ياخشى بولماسلىق ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىنى يۈرگۈزۈش قولايسىز بولغاندا ، ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرسە بولىدۇ . ئىستېپا بېرىشنىڭ كونكرېت تەرتىپى تۆۋەندىكىدەك :

(1) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك، رايونلۇق شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆزىنى سايلىغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىدىن يازما ئىستېپا سورىسا بولىدۇ

(2) رايونسىز شەھەرلىك . ناھىيىلىك ، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن يازما ئىستېپا سورىسا بولىدۇ.

(3) يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن يازما ئىستېپا سورىسا بولىدۇ. ۋەكىللەردىن ئىستېپاسى قوبۇل قىلىنىپ ، ئېلان قىلىنغانلارنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى بولمايدۇ. ۋەكىللەردىن ئىستېپاسى قوبۇل قىلىنمىغانلار ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، ۋەكىللىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

**9 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپە مۇددىتى قانداق ھېسابلىنىدۇ؟**

قانۇنى بەلگىلىملەرگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە دەرىجىلىك ھەمدە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ . يەنى ناھىيە دەرىجىلىك ھەمدە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ. كونكرېت ھېسابلاش ئۇسۇلى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىرىنچى يىغىن ئاچقان ۋاقىتتىن باشلاپ كېيىنكى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلغان ۋاقىتقىچە بولىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ۋەكىللەر سايلىنىشى بىلەنلا باشلانمايدۇ . بەلكى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىرىنچى قېتىملىق يىغىن ئاچقان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ . ئوخشاشلا . شۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يىغىن ئاچقانلىقى ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشتى، ئۇلار ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلمايدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس. قانۇنى بەلگىلىملەرگە ئاساسلانغاندا . ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى ، قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشى كېيىنكى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنى ئېچىلغانغا قەدەر بولىدۇ.



**10. ۋەكىللىك كىنىشكىسىنىڭ قانداق رولى بار؟ ئۇنى قانداق ئىشلىتىش ۋە ساقلاش كېرەك؟**

ۋەكىللىك كىنىشكىسى ھەر دە-

رىجىلىك خەلق قورۇلتىيى ئۆز ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن تۈزگەن ۋە شۇ دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيى ۋەكىللىرىگە تارقىتىپ بەرگەن، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھنامە.

ۋەكىللىك كىنىشكىسى ھەر نۆۋەتلىك خەلق قورۇلتىيىنىڭ بىرىنچى يىغىنىدا ۋەكىللەرگە ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئىچىدە ئىشلىتىشىگە تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

1) ۋەكىللىك كىنىشكىسىنىڭ ئاساسلىق رولى:

(1) ۋەكىللىك كىنىشكىسىگە ئاساسەن شۇ دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيىنىڭ يىغىن كاتىبات بۆلۈمىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، يىغىنغا قاتنىشىش كىنىشكىسى ۋە ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى ئېلىشقا بولىدۇ.

(2) ۋەكىللەر ۋەكىللىك كىنىشكىسىگە ئاساسەن شۇ دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان كۆزدىن كەچۈرۈش، قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ۋە ئالاقىدار يىغىنلارغا قاتنىشىدۇ.

(3) ۋەكىللەر ۋەكىللىك كىنىشكىسىگە ئاساسەن ئۆز ئورنىدا دائىملىق كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارىدۇ.

(4) ۋەكىللەر ۋەكىللىك كىنىشكىسىگە ئاساسەن ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبىري خادىملىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. شۇ دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىغا كىرىپ - چىقىدۇ.

(5) ۋەكىللەرنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكى ۋە قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىسا، ۋەكىللىك كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ، قانۇنسىز دەخلى - تەرۇزغا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

(6) قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغاندا ۋە ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدىغان سورۇنلاردا ۋەكىللىك كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئىسپاتلايدۇ.

2) ۋەكىللىك كىنىشكىسىنى ئىشلىتىش ۋە ساقلاش:

(1) ۋەكىللىك كىنىشكىسى ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى. ئۇلار ۋەكىللەر پائالىيىتىگە قاتناشقاندا، قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغىنىدا، ئۇنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك.

(2) ۋەكىللىك كىنىشكىسى ۋەكىللەرنىڭ قانۇن بويىچە ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ۋەكىللەرنىڭ مەخسۇس ئىشلىتىشىگە بېرىلىدىغان كىنىشكا، ۋەكىللەر ۋەكىللىك كىنىشكىسىنى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ئارىيەت بەرمەسلىكى، خالىغانچە باشقىلار بىلەن گۆرۈگە قويۇش ئىسپاتى سۈپىتىدە ئالماشتۇرماسلىقى كېرەك. ھەر قانداق ئورۇن ۋە تارماقنىڭ ۋەكىللىك كىنىشكىسىنى تۇتۇپ قېلىش ھوقۇقى يوق.

(3) ۋەكىللەر ۋەكىللىك كىنىشكىسىنى ياخشى ساقلىشى لازىم. ئەگەر ئۇلار ئېھتىياتسىزلىقتىن ۋەكىللىك كىنىشكىسىنى يوقىتىپ قويسا، ۋاقتىدا چارە قوللىنىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىشى ھەمدە ئەسلى سايلام رايونى ياكى شۇ دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىشى لازىم. كىنىشكىسىنى ھەقىقەتەن تاپالمىغانلار تولۇقلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشى كېرەك.

**11 . ۋەكىللىك كىنىشكىسى يوتۇپ كەتسە تولۇقلاپ ئېلىش رەسمىيىتى قانداق بېجىرىلىدۇ؟**

ۋەكىللىك كىنىشكىسى ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان مۇھىم گۇۋاھنامە. ۋەكىللەر قانۇن بويىچە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزگەندە، مەيلى يىغىنغا، ۋەكىللەر پائالىيىتىگە قاتناشقاندا بولسۇن ياكى كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىدە بولسۇن، كىنىشكىسىنى ھەر ۋاقىت يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشى كېرەك. ۋەكىللەر بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزۈشكە قولايلىق يارىتىدۇ. ئەگەر ۋەكىللەر ئېھتىياتسىزلىقتىن ۋەكىللىك كىنىشكىسىنى يوقىتىپ قويسا، دەرھال ئەسلىدىكى سايلام ئورنى ۋە شۇ دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىشى ھەمدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدىشى كېرەك. ۋەكىللىك كىنىشكىسى ھەقىقەتەن يوتۇپ كەتسە، ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ۋەكىللىك كىنىشكىسىنى تولۇقلاپ بېرىش توغرىسىدا يازما ئىلتىماس سۇنۇشى كېرەك. يازما دوكلاتنىڭ مەزمۇنى ۋەكىللىك كىنىشكىسىنىڭ يوتۇپ كېتىش جەريانى، ئالاقىدار ئىسپات، ماتېرىياللار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ئەسلىدىكى سايلام ئورنى ئىمزا قويۇپ، پىكىر يازغاندىن كېيىن شۇ دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يوللايدۇ ۋە تولۇقلاپ بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ.

# خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ياخشى يولغا قويۇش ھەققىدىكى بىر قانچە قارىشىم

يۈەن چىنتۇڭ

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈردى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقلىرىنى كۈچەيتتى. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىدى. تۆۋەندە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە قۇرۇلۇشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى يولغا قويۇش ھەققىدىكى بىر قانچە قارىشىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن.

**1. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى**

يولداش جياڭ زېمىن: «سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىزنىڭ نىشانى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بەرپا قىلىشتا، ئەڭ مۇھىمى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، تۈپتىن ئېيتقاندا، بۇنىڭدا خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. شۇڭا، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى داۋاملىق مۇھىم مەزمۇن قىلىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىز دېموكراتىيىنى تەكىتلەشتە كاپىتالىستىك دېموكراتىيىنى كۆچۈرۈپ كەلمەسلىكىمىز، ئۈچ ھاكىمىيەت تىرىكىشىپ تۇرىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز لازىم. بىز چوڭ قۇرۇلتايدا كۆپ پارتىيە سايلام رىقابىتى قىلىپ بارمايمىز، ئۈچ ھاكىمىيەتنى ئايرىۋېتىش تۈزۈمى ۋە ئىككى پالاتا تۈزۈمىنى يولغا قويمايمىز. بىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يولغا قويىمىز، بۇ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە تازا ئۇيغۇن. ئەگەر سىياسىتىمىز، يۆنىلىشىمىز توغرا بولسا، بۇنداق تۈزۈلمىنىڭ پايدىسى كۆپ بولىدۇ، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغىمۇ ناھايىتى پايدىلىق، بۇنداق بولغاندا، نۇرغۇن كاشىلىدىن خالى بولغىلى بولىدۇ.» ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پەقەت ھەقىقىي تۈردە مۇشۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈم بويىچە ئىش قىلغاندىلا، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن تېپىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلمەي، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەندىلا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ھەم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىلغار، مەدەنىي باشقۇرۇش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەم جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دۆلەت تۈزۈمىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

**2. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى تۈپ ۋەزىپە**

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى

3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى مۇھىم نۇقتىسىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇلدى. 1979 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆججىتىدە «سوتسىيالىستىك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش» تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى، 1986 ـ يىل 9 ـ ئايدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى ئىسلاھات ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى، 1989 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يولداش جياڭ زېمىن «بىز قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىغا چوقۇم ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتتى، 15 ـ قۇرۇلتايدا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئومۇمىي تەدبىرى بەلگىلەندى. بۇ پارتىيە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا بولغان تونۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزگەنلىكى دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. 20 يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى دەل پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىپ بەرگەن يولنى بويلاپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئۆزىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن مەسئۇلىيىتىنى تىرىشىپ ئادا قىلىپ، قانۇن چىقىرىش ۋە نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىدا مۇھىم رول ئويىنىدى. سوتسىيالىزم ئىشلىرى قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى، دېموكراتىيىمۇ شۇنچە راۋاجلىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى پارتىيە رەھبەرلىكىدە دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ، قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلىگەندىلا، ئاندىن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

**3 . خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى**

خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ۋە ئورتاق ئىرادىسى بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى خىزمىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى خەلق سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ۋەكىللەر ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. خەلق ۋەكىللىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ زىچ ئالاقە باغلىشىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن، شۇنداقلا يېڭى ۋەزىيەتتە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. خەلق قۇرۇلتىيى مەيلى قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە ياكى نازارەتچىلىك خىزمىتىدە بولسۇن، قەتئىي ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشى كېرەك. 20 يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، خەلققە تېخىمۇ ياخشى ۋەكىللىك قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلدى، دېموكراتىيە يوللىرىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزگەن قانۇن، نىزاملارنى ۋە چىقارغان قارارلارنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇردى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرغان، خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنى ساقلىغاندىلا، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى خىزمىتىنى تېخىمۇ پۇختا ئاساسقا ئىگە قىلغىلى، خەلق قۇرۇلتىيىنى ئامما بىلەن ئالاقە باغلايدىغان، خەلقنىڭ رايىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدىغان ئاساسلىق

دېموكراتىك يولغا ئايلاندۇرغىلى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈ-
زۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ تولۇپ تاشقان
ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

**4 . تەشكىلىي ئاپپارات ۋە تۈزۈملەرنى
ئورنىتىش ھەم مۇكەممەللەشتۈرۈش خەلق قۇرۇل-
تىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى
شەرتى**

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى
3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، خەلق قۇرۇلتىيى تۈ-
زۈمى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى؛ بۇنىڭدىكى مۇھىم
بىر سەۋەب شۇكى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ
تۇرۇش ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تېخىمۇ مۇكەممەل تەش-
كىللىي تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىندى. مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيىدىن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇ-
رۇلتايلىرىغىچە، ھەممىسىدە بىر مۇكەممەل تەشكىلىي
سىستېما بارلىققا كەلتۈرۈلۈپ، زەنجىرسىمان تور
شەكىللەندى. يېڭى دەۋردىكى ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ئېھ-
تىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك خەلق
قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى تەش-
كىلىي قۇرۇلۇش ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەي-
تىپ، كونكرېت خىزمەت تۈزۈملىرى ۋە قائىدىلەرنى
پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خىزمەت ھو-
قۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى مۇكەممەل ۋاسىتىسى ۋە تەر-
تىپىنى بەرپا قىلدى: خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى،
دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ۋە خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى
ئۆستۈردى. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ دېموكرا-
تىكلىك ۋە ئىلمىيلىك دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، ھاكى-
مىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيىسىنى
ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەندىلا، ئاندىن خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتى ۋە تۈزۈمىنى يېڭى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈز-
لۈكسىز راۋاجلاندۇرالايدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرەلەيدۇ.

**5 . خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدە-
كى تەتقىقات، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق تەش-
ۋىق ـ تەربىيىسىنى كۈچەيتىش دۆلەتنى قانۇن
بويىچە ئىدارە قىلىش ئومۇمىي تەدبىرىنىڭ مۇ-
قەررەر تەلىپى**

بىر خىل قانۇن ۋە تۈزۈمگە ئۇنۇملۇك رىئايە
قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشتا، ئەڭ مۇھىمى تەش-
ۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن جەمئى-
يەتنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇنداق دېيىش-
كە بولىدۇكى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك
ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكرا-
تىيە ۋە قانۇنچىلىق قارىشى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى
ئېڭى خېلى زور دەرىجىدە ئۆستى، بۇنى قانۇن ساۋاتلى-
رىنى ئومۇملاشتۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەق-
قىدىكى تەتقىقات ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى تەش-
ۋىقاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلگەنلىكىدىن ئايرىپ
قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە
قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش جەريانىدا، قانۇنچىلىق
تەشۋىق ـ تەربىيىسىنى داۋاملىق، كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات
يايدۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشى ۋە قانۇن
ئېڭىنى، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىش
قىلىش ۋە قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە ئىق-
تىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە
قانۇننىڭ نوپۇزىنى تىكلىگەندىلا، ئاندىن ئاساسىي قانۇن
ۋە قانۇنلارنى ھەقىقىي تۈردە قوغداپ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل
قىلىپ، ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن تۈپ سىياسىي
تۈزۈمنى ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇپ ۋە ئۇنىڭغا رىئايە
قىلىپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە دۆلىتىمىزنىڭ
تۈپ سىياسىي تۈزۈمىنى دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاش-
تۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ زور رول ئوينايدىغان قىل-
غىلى بولىدۇ

**6 . پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش
ۋە ئۇنى كۈچەيتىش خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى يولغا قو-
يۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى**

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ بەرپا
قىلغان تۈزۈم، بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي

كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ناھايىتى تېز ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى، بۇنىڭغا پارتىيە ئىدىيە جەھەتتە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، بەلكى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش بىلەن دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش بىردەكلىككە ئىگە. يېڭى تارىخىي دەۋردە خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى پارتىيە رەھبەرلىكىگە تايىنىپ، پارتىيىمىزنىڭ تەشەببۇسىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ئارقىلىق دۆلەت ئىرادىسىگە ئايلاندۇرسىلا، ئاندىن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقلىرىنى ھەقىقىي يۈرگۈزەلەيدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئاندىن تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ. پەقەت پارتىيە رەھبەرلىكىدە، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلەتكەندىلا، ئاندىن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە فاڭجېنلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۈزۈم ۋە قانۇن جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئومۇمىيەتنى ئىگىلەش، ھەر قايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتەك يادرولۇق رولىنى باشتىن ئاخىر جارى قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك ۋە مەدەنىي سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار نىشانغا تۈزۈم جەھەتتىن مەدەت بېرىدىغان ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرىدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

(«خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت خەۋەرلىرى»
ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 24 ـ سانىدىن)

ئەھمەت تۇختى تەرجىمىسى

---

## قانۇنىي مىراسخورلارنىڭ مىراسخورلۇق قىلىش رەت تەرتىپى قانداق بولىدۇ؟

قانۇنىي مىراسخورلارنىڭ مىراسخورلۇق قىلىش رەت تەرتىپى ئاساسەن مىراس قالدۇرغۇچى بىلەن مىراسخورلۇق قىلغۇچىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئىكاھلىنىش مۇناسىۋىتىدىكى يىراق ـ يېقىنلىقى ۋە قانۇندا بېكىتىلگەن ئۆزئارا بېقىش مەجبۇرىيىتىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ مىراسخورلۇق قانۇنىدا «جورىسى، پەرزەنتى، ئاتا ـ ئانىسى بىرىنچى رەتتىكى مىراسخور بولىدۇ. ئاكا ـ ئۇكىسى، ئاچا ـ سىڭلىسى، چوڭ دادىسى، چوڭ ئانىسى ئىككىنچى رەتتىكى مىراسخور بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مىراسنى بۆلۈشۈش باشلانغاندىن كېيىن مىراسقا بىرىنچى رەتتىكى مىراسخور ئىگىدارلىق قىلىدۇ. بىرىنچى رەتتىكى مىراسخور بولمىسا ياكى بىرىنچى رەتتىكى مىراسخور مىراسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچسە ياكى مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان بولسا، مىراسقا ئىككىنچى رەتتىكى مىراسخور ئىگىدارلىق قىلىدۇ. ئوخشاش بىر رەتتىكى مىراسخورلار ئىچىدە ئالدى ـ كەينى دېيىدىغان رەت تەرتىپ بولمايدۇ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا مىراسنى ھەممىسى تەڭ بۆلۈشىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن كېلىنى بىلەن قېيىنئانا ـ قېيىنئاتا ئوتتۇرىسىدا، خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن كۈيئوغۇل بىلەن قېيىنئانا ـ قېيىنئاتا ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. ئۆزئارا مىراسخورلۇق ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ. بىراق «مىراسخورلۇق قانۇنى» نىڭ 12 ـ ماددىسىدا يەنە «ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن كېلىنى ۋە خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن كۈيئوغۇللار ئۆزلىرىنىڭ قېيىنئانا ـ قېيىنئاتىلىرىنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولسا بىرىنچى رەتتىكى مىراسخور بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كېلىن، كۈيئوغۇللار قېيىنئانا ـ قېيىنئاتىلارنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولسا، قېيىنئانا ـ قېيىنئاتىلارنىڭ مىراسقا ئىگە بولۇش شەرتىگە توشىدۇ. مۇشۇ شەرتكە ئۇيغۇن كەلسىلا قايتا ئىكاھلىنىش ـ ئىكاھلانماسلىق تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇلار ئىگىدارلىق قىلىدىغان مىراسمۇ ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مىراسخورلۇق قىلىش ھوقۇقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1997 ـ يىل
4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈندىكى سانىدىن)

ئىلياس تەرجىمىسى

# خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

تۇردى ئىسمايىل

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇھىم قورالى بولۇپ، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، خەلقنى قوغداش، جىنايەتنى جازالاش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى قانۇنى قاتارلىقلاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۆتكەن يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى. گەرچە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى دۈشمەنگە زەربە بېرىش، خەلقنى قوغداش، جىنايەتنى جازالاش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە، سوت ئورگىنى، تەپتىش ئورگىنى بىلەن ئورتاق بۇرچنى ئۈستىگە ئېلىپ، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى بېجىرىش داۋامىدا سوت ئورگىنى، تەپتىش ئورگىنى بىلەن «ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇش، ئۆزئارا ماسلىشىش، ئۆزئارا چەكلەش» مۇناسىۋىتىدە بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارمىقى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىشى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىگە قارىتىلغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى مەمۇرىي ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشىغا پايدىلىق، بۇ پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش توپ ئومۇمىي تەدبىرىنىڭ ئاساسىي تەلىپى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكى ئامىللار خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى نازارەت قىلىشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلەيدۇ.

**1. جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى**

جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ ۋاكالەت ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، قانۇن، نىزام، قائىدىلەرنى ئىجرا قىلىش ۋە تەتبىقلاش پائالىيىتى ئارقىلىق، بۇ قانۇن، نىزام، قائىدىلەردە بەلگىلەنگەن مەزمۇنلارنى دۆلەتنىڭ ئامانلىقىنى باشقۇرۇش پائالىيىتى داۋامىدا ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش داۋامىدا يولغا قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، جىنايى ئىشلار بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش بىلەن ئامانلىق باشقۇرۇش ئىشلىرى بويىچە قانۇن ئىجرا قىلىش دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ، جىنايى ئىشلار رازۋېدكىسى، ئامانلىق باشقۇرۇش، مەمۇرىي جازا بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ مەزمۇنى باشقا مەمۇرىي فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش دائىرىسىدىن خېلىلا كەڭ،

جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق، باشقا فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتىنى ياخشى مۇھىت بىلەن تەمىنلىگىلى ياكى باشقا قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيەتلىرىگە پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان توسالغۇلارنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىشى ئالاھىدە مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىدا بولىدىغان ئىجازەت قىلىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش، ئاگاھلاندۇرۇش، جەرىمانە ئېلىش، مال ـ مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلىش، تۆلەم تۆلەشنى بۇيرۇش قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەلكى يەنە ئادەتتىكى قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىدا بولمىغان چاقىرتىپ كېلىش، توختىتىپ قويۇش، قولغا ئېلىش قاتارلىق جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەيدىغان مەجبۇرلاش ۋاستىلىرىنى قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇ ئالاھىدە قانۇنىي ئىجرا قىلغۇچى سۇبيېكت بولۇپ، ھەم دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، ھەم دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى باشقا مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش تارماقلىرىغا قارىغاندا كەڭ ھوقۇققا ئىگە بولغانلىقى يەلكى بۇ ھوقۇقلارنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى چوڭ مەسىلىلەرگە چېتىلىدىغان بولغاچقا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ خەلققە ۋەكىللىك قىلىپ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم.

**2. جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر**

*بىرىنچى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر*

پارتىيە ۋە دۆلىتىمىز چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش قائىدىسىنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىدىكى ئاز ساندىكى چىرىكلەشكەن كادىر ـ ساقچىلار مەنپەئەتىنى قانۇندىن ئۈستۈن كۆرۈپ، ھوقۇق پۇل سودىسى قىلىپ دەۋاگەرلەرنىڭ ئاتالمىش «ئاشنىگەرچىلىكى» نى ياكى پۇل، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا تېگىشلىك «جاۋاب قايتۇرۇۋاتىدۇ» ياكى جىنايەت گۇمانلارلىرىنى قانات ئاستىغا ئېلىۋاتىدۇ، بەزى جايلاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى شەكلى ئۆزگەرگەن ئەنزە بېجىرىش ھەققى ئېلىپ، پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىۋاتىدۇ، پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلۈشىگە توسالغۇ پەيدا قىلىۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋاللار جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرىنىڭ خەلق قەلبىدىكى ئوبرازىغا زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

*ئىككىنچى، ئەنزە بېجىرىشنىڭ قانۇنلۇق بولۇش ـ بولماسلىقى جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر*

نۆۋەتتە بۇ جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئاساسلىقى جايلاردىكى بىر قىسىم جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ ئەنزە بېجىرىشتە قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش كۆرمەي، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىۋاتقانلىقىدۇر، مەسىلەن، ئەنزە بېجىرىشتە قانۇنىي رەسمىيەتلەر تولۇق بولماسلىق، گاختۇرۇش ئېلىپ بارغاندا، ئاختۇرۇش گۇۋاھنامىسى ئالماسلىق، مال ـ مۈلۈكلەرنى تۇتۇپ قالغاندا ياكى زاڭ ماللارنى مۇسادىرە قىلغاندا ھۆججەت بەرمەسلىك، ئالاقىدار گۇۋاھنامىلەر ۋە كېنىشكىلارنى تۇتۇپ قالغاندا، ھېچقانداق ئىسپات بەرمەسلىك، تەكشۈرۈش، ئەھۋال ئىگىلەش، ئاختۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە دائىر ئىسپاتلارنى چىقىرىپ كۆرسەتمەسلىك، ئەنزە ئۈستىدە ئۆز ۋاقتىدا، ئەتراپلىق، ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماسلىق، توختىتىپ قويۇش مۇددىتىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلماي مۇددەتتىن ئاشۇرۇۋېتىش، سوراق قىلغاندا قىيناپ سوراق قىلىش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، ئېغىز ئىقرارىغا ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىش، تەھدىت سېلىش، ئازدۇرۇش، ئالداش ئۇسۇللىرىنى

قوللىنىپ دەلىل ـ ئىسپات توپلاش، سىياسىي جىنايەت گۇماندارلىرىنى ئۇدا بىر نەچچە سوتكا ئۇخلاتماي سوراق قىلىش ئەھۋاللىرى بار ، بەزى جايلاردا دېلو تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ دېلو تۇرغۇزماسلىق، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولسىمۇ كارى بولماسلىق، جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، مۇرەسسە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشۋېتىش (ئاسلىقى قاتناش ۋەقەسى دېلولىرى بىلەن زەخىملەندۈرۈش دېلولىرى) ئەھۋاللىرى بار. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بەزى جايلاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى مەمۇرىي جازا بەرگەندە، سوبستانسىيىلىك مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، تەرتىپ مەسىلىلىرىگە سەل قاراش، مەسىلەن، چىقارغان مەمۇرىي جازا قارارنامىسىدە جازالانغۇچىغا قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىش ياكى ئەرز قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ سۈرۈك ۋاقتىنى ئۇقتۇرۇپ قويماسلىق ئەھۋاللىرى ئېغىر داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

*ئۈچىنچى، ئاز ساندىكى كادىر ـ ساقچىلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر*

بىر قىسىم كادىر ـ ساقچىلارنىڭ قانۇنچىلىق كۆز قارىشى تۆۋەن، كەسپىي ساپاسى يۇقىرى بولمىغاچقا، خىزمەت ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىش، خىزمەت ھوقۇقىدىن ھالقىپ كېتىش ئەھۋاللىرى بار. مەسىلەن، ئاز ساندىكى كادىر ـ ساقچىلاردا قالايمىقان جەرىمانە قويۇش، نەرسە ـ كېرەك، گۇۋاھنامىلەرنى قالايمىقان تۇتۇپ قېلىش، ئاساسسىز ئادەم تۇتۇش، ئىقتىسادىي جىنايەت بىلەن ئىقتىسادىي ماجىرانىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىماي، ئىقتىسادىي ماجىرادىكى دەۋاگەرگە ۋاكالىتەن، قەرزنى تەرەپتىن پۇلنى سۈرۈشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ، ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىش، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولمىغان ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئارىلىشىۋېلىش.

**3 . خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكىنىڭ ئەڭ زور ئابرۇيى**

جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش بىر چوڭ سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ ئىچكى قىسىمدىكى نازارەتچىلىك بىلەن سىرتقى نازارەتچىلىكتىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، ئىچكى قىسىمدىكى نازارەتچىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى قانۇن ـ تۈزۈم، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىش، ئەرزىيەت، سىياسىي خىزمەت قاتارلىق تارماقلار بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇشتىن ئىبارەت نازارەتچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىرتقى نازارەتچىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، خەلق ھۆكۈمىتى، پارتكوم، ئەدلىيە، مەمۇرىي تەپتىش، خەلق ئاممىسى، جامائەت پىكرى قاتارلىقلارنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نازارەتچىلىك شەكىللىرى ئىچىدە پەقەت خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكىلا ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ئەڭ دېموكراتىك، ئەڭ ئابرۇيلۇق نازارەتچىلىكتۇر، چۈنكى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھوقۇقىنى خەلق بېرىدۇ، ئۇ خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈش ئورگىنى بولۇپ، قانۇن تۇرغۇزۇش ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى تۈزۈش ھەرىكىتى ئارقىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن، بەلكى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلارغا خىلاپ بولغان جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە دائىر مەمۇرىي قانۇن ـ نىزام، قائىدە، قارار، بۇيرۇقلارنى شۇنداقلا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە دائىر يەرلىك نىزاملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەمدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتى ئەھۋالىدىن بەرگەن مەخسۇس تېمىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ تۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا مەخسۇس تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش، ئالاھىدە مەسىلىلەر بويىچە تەكشۈرۈش كومىتېتى تەشكىللەپ، چوڭ ياكى تەسىرى كۈچلۈك ئەنزىلەر ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تەكلىپ لايىھىسى ئوتتۇرىغا قويۇش، سوئال قويۇش ، سۈرۈشتۈرۈش، تەكشۈرۈش، كۆزدىن كۆچۈرۈش ۋە تەكلىپ بېرىش قاتارلىق ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ. باشقا جەھەتتىكى نازارەتچىلىكتە، پەقەت مەلۇم نۇقتا، مەلۇم تەرەپتىن نازارەتچىلىك قىلىدۇ. مەسىلەن، خەلق

تەپتىش مەھكىمىسى دۆلەتنىڭ قانۇن نازارەتچىلىك
مەخسۇس ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جامائەت
خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش پا-
ئالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق ، بىراق ئۇ
جىنايەتكە قارشى كۈرەش قىلىش جەھەتتىكى نازارەتچى-
لىككە مەركەزلىك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىچكى قىسمى-
دىكى نازارەتچىلىك بولسا، بىر خىل ئۆز - ئۆزىنى نا-
زارەت قىلىش شەكلى بولغاچقا، ئۇنداق ياكى بۇنداق
نۇقسانلارنىڭ بولۇشىدىن ساقلىنىش قىيىن، شۇڭا بۇ
خىل نازارەتچىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلى-
كىنى ئاساس قىلىش ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازا-
رەتچىلىكى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەندىلا ، ئاندىن ئەڭ
زور ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

**4 . جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى-
نىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى نازارەت
قىلىش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى
قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە ياردەم بەرگىلى بو-
لىدۇ**

مەيلى قايسى خىل شەكىلدىكى نازارەتچىلىك
بولسۇن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ جامائەت
خەۋپسىزلىكى مەمۇرىي ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە يۈر-
گۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. جا-
مائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قى-
لىش پائالىيىتىنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق، جامائەت
خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش پا-
ئالىيىتى داۋامىدا كېلىپ چىققان خاتالىقلىرىنى تۈزەت-
كىلى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ساقلانغان مەسىلى-
لەرنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئور-
گانلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتى داۋامىدىكى
توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى قانۇن
ئىجرا قىلىش پائالىيىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرى-
لىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، جاما-
ئەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ئەنزە بېجىرىش داۋامىدا
خىلمۇخىل توسالغۇلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، بۇ توسالغۇ-
لارنى ئەگەر يۇقىرى دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئورگىنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش-
لىقلىرى پەيدا قىلغان بولسا، ياكى شۇ رايوندىكى باشقا
رەھبەرلىرى پەيدا قىلغان بولسا، خەلق قۇرۇلتىيى ئۇ-
رىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ئىشلىتىپ، ئۇنۇملۇك ھالدا
بۇ توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى
ئورگىنىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىشىغا ئازادە مۇھىت يا-
رىتىپ بېرىدۇ.

قىسقىسى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ جامائەت
خەۋپسىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى نازارەت
قىلىشىنىڭ مەنىسى تەكشۈرۈش، ھەيدەكچىلىك قى-
لىش، قوللاش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئا-
لىدۇ. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئا-
لاقىدار قانۇنلار ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ
ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلى-
رىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىنى نازارەت قىلىش نىزامى» نى
ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى قا-
نۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش سالمىقىنى
كۈچەيتىپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تېپىپ چى-
قىپ، ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، قانۇنغا خىلاپ
ئىشلارنى تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ
خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسى ئىچىدە، جامائەت خەۋپ-
سىزلىكى قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىدىكى توسالغۇ
ۋە قىيىنچىلىقلارنى تۈگىتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى
قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق، ساغلام
ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايون-
نى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا تۆھپە قوشۇشى
كېرەك.

(ئاپتور شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپى
ئىقتىسادىي قانۇن كافېدراسىدىن)



# پۇل چۈشەنچىسىنى توغرىلاپ توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرەيلى

ئوبۇل مۇھەممەت

جەزىم قىلىش كېرەككى: سۆز ـ نۇتۇق، مۇھاكىمە ۋە تۈرلۈك يېزىلمىلار ئەمگەكچىلەرنىڭ پۇل ھەققىدىكى ساغلام پىسخىكىلىق ھالىتىنى ساقلىشىغا، ئۆز ـ ئۆزىنى تەڭشەپ تۇرۇشىغا ھەمدەم بولۇشنى نىشان ۋە ئاساسىي مەقسەت قىلىشى لازىم.

پىسخىكا دېگىنىمىز: ئادەمدىكى مىجەز، خۇلق، سېزىم، ھېس، ھېسسىيات، ئەسلىمە، تەپەككۇر، خاراكتېر ... دېگەنلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ دېگەندە، كىشىلەر ئاڭلىغان، ئوقۇغان، كۆرگەنلىرىنى كۆپ ھالدا ئالدى بىلەن تەپەككۇرىغا ئىلىنىدۇرمەي، ھېسسىياتىغا ئىلىنىدۇرۇۋالىدۇ. بۇ «ئادەمدە ھېسسىيات ئون ئۇلۇش، تەپەككۇر بىر ئۇلۇش» دېگەننىڭ نەق ئۆزى. شۇڭا، ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلار، چوڭ ـ كىچىك مۇنبەرلەردە سۆزلەش مەرتىۋىسىگە ئىگە ئەمەلدارلار، تۈرلۈك مۇھاكىمە ۋە يېزىلمىلارنى تۈزۈش ئېلىپ مېڭىلىۋاتقانلار پۇل ھەققىدىكى ھازىرلىغان پازىللار مۇنداق ئىككى ئىش قىلىشى: بىرىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ پۇل ھەققىدە ساغلام ۋە مۇۋاپىق مىجەزىنى ساقلىشىغا ئەقىل كۆرسىتىشى، تەدبىر بەلگىلىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ پۇل توغرىلىق مىجەزىدە يۈز بېرىۋاتقان بىر تەرەپلىمىلىك توسالغۇلارنى تۈزەش ھەم تۈگىتىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.

ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل ھەققىدىكى قاراش ـ چۈشەنچىلىرىگە نەزەر سالساق، كۆلكە، يىغا تەڭ قىستايدۇ. يىغىنچاقلىغاندا مۇنداق ئىككى ئېغىش بار. ئۇنىڭ بىرى، بەزىلەر ئۆزى تاپالمايۋاتقان، تېپىش كويىدا بولۇۋاتقان، تېپىۋاتقان، بىر كويى بولمىسا، بىر نان يېگىلى بولمايۋاتقان، ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى بولغان، نۆۋەتتە ئىقتىسادىي پېشاڭغا ئايلانغان پۇلنى «نىجىس» دېيىشمەكتە. بۇ ۋەتتۇرىكى چىقىپ كەتكەن يارىماس روھ. خۇراپىي روھ. «ئىنسان پانىي ئالەمدە دىشۋارچىلىق، غورىبەتچىلىكتە ئۆتسە باقىي ئالەملىكى ئوبدان بولىدۇ.» دەيدىغان ئىدىئالىستىك قاراشنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىنكاسى. ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش داغدام يولىمىزدىكى كۆشەندە، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. پۇل «نىجىس» ئەمەس. پۇل بولمىسا داۋالانغىلى بولمايدۇ، پۇل بولمىسا بالىلارنى ئوقۇتقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا: پۇل بەخت بۆشۈكى، پۇل ھېچكىمگە «سوغۇق» كەلمەيدۇ. يەنە بىر ئېغىش شۇكى، ئىقتىسادىي تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى بولغان پۇلنى بەزىلەر مەمۇرىي ۋاسىتىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشماقتا. پارتىيە ئىچىدە پاسسىپلاشقان، ھۆكۈمەت ئىشىدا چىرىكلەشكەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئۇنسۇرلار ۋىجدان ـ ئىمانىنى پۇلغا تېگىشمەكتە. ئۇلار پۇلغا تەبىئىي ھاۋا بىلەن ئادەمنىڭ ئىمانىدىن بۆلەك ھەممە نەرسىنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، دېگەن پۇل ھەققىدىكى بۇ مۇقەددەس قاراشنى تەتۈر سۆرەپ خېلى يەرگە ئېلىپ باردى. پۇلغا ئىمانىنى سېتىۋالغانلار ئەتراپىڭلارغا قاراڭلارچۇ، گېلىغا كوقەت چىقىۋاتقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقلىرى قانداق ئادەملەر؟ !

پۇل چۈشەنچىسىنى توغرىلاپ توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىشتە يەنىلا ھۆكۈمەت كۈچىنى ئىشقا سېلىش كېرەك. قانۇن تۈسىگە ئىگە قېلىپلاشقان ھۆججەت، ئۇقتۇرۇش، بەلگىلىمىلەرنى ياخشى ئىجرا قىلىش لازىم. يەنە بىر جەھەتتىن تەشۋىقات، مەتبۇئات كۈچىنى ئىشقا سېلىپ پۇل ھەققىدە ياخشى كەيپىيات شەكىللەندۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ پۇل چۈشەنچىسىنى توغرىلىۋېلىشىغا ھەمدەم بولۇشىمىز لازىم. ئۇيغۇرلارنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن «ھالال»، «ھارام» بويىچە پۇلنىمۇ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلىرى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى يول قويغان، رۇخسەت قىلغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇنقى، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى ئەمگەك مۇلازىمە

تى بىلەن تاپقان پۇل ؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسىپلەشتۈرۈش يولى بىلەن باشقۇرۇشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نىشان ۋە باش مەقسەت قىلىپ ئىلشەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش ئورگانىك ئاساستا بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە ئۈلگە يارىتىپ، يول باشلاپ، مۇھىم تۆھپە قوشقىنى ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن تاپقان پۇل ؛ ئىلىم - پەن، پەن - تېخنىكىدا، تەتقىقات، ئىجادىيەتتە، ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشۇپ تاپقان پۇل ؛ ھۈنەر، تىجارەتتە ئىش باشلاشتىن بۇرۇن ماركىنى، كۆلىمىنى، تۈرىنى ئەينەن ئەنگە ئالدۇرۇپ باج يوشۇرماي، باج ئوغرىلىماي، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش، ئۆزىگە بايلىق يارىتىش يولىدا تاپقان پۇل ؛ سۆرەلمىلىكنى تۈگىتىپ، ئىش بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن ئىشلىتىپ ئېلىۋالماي، يەۋالماي، پارا ئالماي، خىيانەت قىلماي، مەمۇرىي ئىشلار، كاسىرلار ئىشلىرى، ئەدلىيە ئىشلىرىدا پۇلنى مۇئامىلە ۋاستىسى قىلماي، دىيانەتلىك ئىشلەپ ئالغان مائاش، ئۆستۈرۈلگەن مائاش، مۇكاپات پۇللىرى ؛ ئىلىم - بېرىمدە ئادىل بولۇپ «قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتماي» ، ساختا مال، ساختا پۇل، زەھەر سودىسى قىلماي ھالال ئەمگەك بىلەن تاپقان پۇل ھالال پۇلدۇر.

دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلىرى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى چەكلىگەن مەخپىيەتلىكنى ئوغرىلاپ سېتىپ تاپقان پۇل؛ دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار، ئاسارە - ئەتىقىلەر، ھايۋانات، ئۇچار - قۇشلارنى ئوغرىلاپ سېتىپ تاپقان پۇل ؛ خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغاندا يالغانچىلىق قىلىپ تاپقان پۇل؛ زەھەر تىجارىتى بىلەن، باللارنى، ئاياللارنى ئالداپ سېتىش بىلەن تاپقان پۇل، ئىپپەت - نومۇسىنى سېتىپ تاپقان پۇل ؛ قىمار ئويناش، قىمار ئويۇشتۇرۇش، جەرىخورلۇق قىلىش بىلەن تاپقان پۇل ؛ پارا ئالغان، ئارىلىق ئالغان، چېقىمچىلىق قىلىپ پايدا ئۇندۇرۇپ تاپقان پۇل ، بارلىق زورلۇق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ تاپقان پۇل ھارام پۇلدۇر.

ھالال پۇل كۆكلىتىدۇ، ھارام پۇل قۇرۇتۇۋېتىدۇ.

**([illegible] خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى)**

## مىراسقا ۋارىسلىق قىلمىغانلارنىڭمۇ ئاتا-ئانىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» نىڭ 15 - ماددىسىدا: «ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى بېقىپ تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، پەرزەنتلەرنىڭمۇ ئاتا - ئانىسىنى بېقىش، ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنداقلا يەنە «ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەرنىڭ مىراسقا ئۆزئارا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. مانا بۇ ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ بىردەكلىك پرىنسىپى. ۋارىسلىق قىلىش قانۇننىڭ پۇقرالارغا بەرگەن ھوقۇقى. پۇقرالارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مەلۇم بىر خىل ھوقۇقتىن ۋاز كېچىشىگە قانۇن رۇخسەت قىلىدۇ. لېكىن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەتتىن ۋاز كېچىشكە قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق مەجبۇرىيەتكە قارىتا دۆلەت مەجبۇرلاش خاراكتېرگە ئىگە شۇنداقلا ئۇ قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

1996 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن تارتىپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ياشانغانلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى» نىڭ 15 - ماددىسىدا «باققۇچىنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ ياكى باشقا سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بېقىش (قاراش) مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماسلىقىغا يول قويۇلمايدۇ. باققۇچى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا ياشانغان كىشى ئۇنىڭدىن بېقىش خىراجىتى بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن.

**(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈندىكى سانىدىن)**

**[illegible]**

# ئىسلاھات نۇرىدا گۈللىگەن يېڭىشەھەر
# كۈنسېرى يۈكسىلىپ ئۆرلىگەن يېڭىشەھەر

ئابدۇكېرىم ئۆمەر

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەيدىغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ناھىيە قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، خەلقنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ھەققىدە تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان جاپالىق ئىش ئىدى. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى ھەقىقەتتىن ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ناھىيە قىياپىتىنى يېڭىلاش، خەلقنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ۋە يېقىن مەزگىللىك تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ، ئېغىزلار ۋە بۆلەكلەر بويىچە مەسئۇل بولۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشتە دادىل بولۇپ، ناھىيە ئىقتىسادىدا گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۆتكەن يىلى بۇ ناھىيىدە بىر يېزا ۋە بەش مەمۇرىي كەنت ۋىلايەت دەرىجىلىك ھاللىق سەۋىيىگە يېتىشتىكى ئۈلگىلىك ئورۇنلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ نام بېرىشىگە ۋە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ئۆتكەن يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 360 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن 2.9 ھەسسە، ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 130 مىڭ 123 توننىغا يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن 1.6 ھەسسە، پاختا ئومۇمىي مەھسۇلاتى 28 مىڭ 650 توننىغا يېتىپ 18 ھەسسە، چارۋا 64 مىڭ 800 تۇياققا يېتىپ 1.4 ھەسسە، خەلق ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 300 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئېشىش نىسبىتى 7%، مالىيە كىرىمى 17 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 58%، مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى 182 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 68 ھەسسە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 86 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ تۆت ھەسسە ئېشىپ، ئىككى قاتلىنىپ، يىللىق ئېشىش نىسبىتى 8% دىن توغرا كەلگەن، ئورمان كۆلىمى 73 مىڭ 15 موغا يېتىپ كۆكەرتىش ئۆلچىمىگە يەتكەن. ئومۇمىي مۈلۈكتە بولمىغان خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىچى، سودا ـ سانائەتچىلەر سانى 2648 نەپەرگە يېتىپ، تىزىملاتقان مەبلىغى 9 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تاپشۇرغان سودا ـ سانائەت باج سوممىسى 5 مىليون 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بۇ ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلار، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، كونكرېت جەھەتتىن ئېيتقاندا، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئىشنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىگەن.

1. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، خەلقنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنىڭ يىراق كەلگۈسى ۋە يېقىن مەزگىللىك تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، تەدبىرلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرگەن.

2. يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 12 ـ دوختۇرخانىسى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر نەچچە قىسىملىرى بولۇشتەك ئەۋزەللىككە ئاساسەن، ئارمىيە بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەپ، ئارمىيىنىڭ قوللىشى ۋە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشىنى قولغا كەلتۈرگەن.

3. ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئۆزئارا ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى چىڭ

تۇتۇپ، مەڭگۈ يىمىرىلمەس پۇلات ئىستىھكام قۇرغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «دۇنيا تورى» ئارقىلىق 43 مىليون 555 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاش بىلەن بىرگە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىلىق، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ پارچە يەر سۇ مەنبە راﯞونى، يۈجىن ئۆستىڭىنى سېمونت بېتون بىلەن سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى، بايتوقاي ئۆستىڭى ئېغىزىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشى ھەمدە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك 58 كىلومېتىر غول تارماق ئۆستەڭنى سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق سۇ تېجەپ، سۇ كۆپەيتىش قۇرۇلۇشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىغان. 95 . 369 كىلومېتىر چوڭ - كىچىك ئېرىق - ئۆستەڭنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، 153 كۆز قۇدۇق قېزىپ، يۇرۇشلەشتۈرگەن 127 كۆز قۇدۇقنى رېمونت قىلغان. بۇ ئارقىلىق 141 مىليون 104 مىڭ كۇب مېتىر سۇ كۆپەيتىپ، 115 مىڭ سۇغىرىش كۆلىمىنى كۆپەيتىلگەن ئوتتۇرا، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش، بىنام ئېچىش، تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدىمۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئادەم كۈچى، ماشىنا كۈچى ۋە ماي جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەن. ئۆتكەن يىلمۇ ئارمىيىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە 36 مىڭ مو بىنام ئېچىلىپ، 49 مىڭ تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلگەن.

4. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى يەنە ئىلگىرىكى يىللاردىكى ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، يەككە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۆتكەن يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقىش بىلەن بىرگە، «يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يەككە خۇسۇسىي ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» نى ماقۇللاپ، 35 ماددىلىق ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىققان.

5. شەھەر ئىقتىسادىدا كارخانىنى ئىسلاھ قىلىش، كارخانىلارنىڭ ئىچكى باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، نۇقتىلىق كارخانا، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنى يۆلەش، تەرتىپكە سېلىشنى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاشنى كۈچەيتكەن. ئۆتكەن يىلى ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى بىلەن ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى پاي ھەسسىدارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرگەن. ناھىيىلىك قوشۇمچە يېمەكلىكلەرگە ئىش قوشۇش زاۋۇتى بىلەن رېمونت - ياساش زاۋۇتىنى پاي چەك ھەسسىدارلىق تۈزۈلمىسى بويىچە ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىۋاتىدۇ. تۆت كارخانا زىيانىنى پايدىغا ئايلاندۇرغان.

6. پەن - مائارىپ ئارقىلىق يېڭىشەھەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان. ئۆتكەن يىلىلا 226 قارار كۇرس ئېچىپ، دېھقان، چارۋىچىلار پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەنگەن. 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ماتېرىيال تارقىتىلىپ تەربىيىلەنگەنلەر 50 مىڭ ئادەم - قېتىمغا يەتكەن. كۆپ خىل يوللار بىلەن 29 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلىنىپ، 20 ئورۇندىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنى يېڭىدىن سېلىپ، 10 مىڭ 793 كۋادرات مېتىر خەتەرلىك قۇرۇلۇش ئۆزگەرتىلگەن. 3621 يۇرۇش پارتا - ئورۇندۇق ياسىتىلىپ، ئوقۇتۇش شارائىتى ياخشىلانغان.

7. يېڭىشەھەر ناھىيىسى ئۆتكەن يىلى يىل بېشىدىلا ناھىيە بويىچە چاقىرىلغان ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا ئالتە مۇھىم ئىش قىلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلغان بولۇپ، ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتكەن: ئۇلار (1) شەھەر ئىچىدىكى ئۈچ يولنى ئاسفالتلاشتۇرۇش. (2) يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پاسسازىرلار بېكىتى قۇرۇش. (3) ياندۇرما يېزىسىدىن خانئېرىق بازىرىغىچە قاتناش يولىنى مايلاشتۇرۇش. (4) شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش، پاسكىنا سۇنى چىقىرىش، يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئۆتكەن يىل يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن پۈتۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلۇپتۇ. 35 مىڭ ۋولتلۇق توك بىلەن تەمىنلەش، ئۆزگەرتىش پونكىتى قۇرۇلۇشى بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك سودا بازىرى قۇرۇلۇشىمۇ داۋاملاشتۇرۇلۇۋېتىپتۇ.

8. دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ،

13 يېزا، بازاردىكى 22 تۈرلۈك نامۇۋاپىق سېلىقىنى تەكشۈرۈپ، 10 مىليون 180 مىڭ يۈەن نامۇۋاپىق ھەقنى ئەمەلدىن قالدۇرغان. يېزا مالىيىسىنى مۇپەتتىش قىلىش ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخىنى ھېسابلاش، كەنت ئىشلىرىنى دېموكراتىك نازارەت قىلىش ۋە ئاشكارىلاش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ دېموكراتىك قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلگەن.

9. ناھىيە ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلاردىن تارتىپ ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغىچە «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن ئىدىيە ۋە «شىنجاڭدىكى ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەردىن كېلىدۇ» دېگەن ئىدىيە چىڭ تۇرۇپ، مەركەزلىك تۈزەش بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك تۈزەشنى بىرلەشتۈرۈپ، زوراۋان تېرروررچىلارغا قارشى كۈرەشنى بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتقان. ئۆتكەن يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى تۆت يېزا (بازار) بىلەن 19 كەنتتە نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىش قانات يايدۇرۇلۇپ، 194 نەپەر كادىر بۇ نۇقتىلاردا تەشۋىق ـ تەربىيە، تەرتىپكە سېلىش ۋە زەربە بېرىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

ناھىيە بويىچە قانات يايدۇرۇلغان زەربە بېرىش كۈرىشى داۋامىدا ئەكسىيەتچىل مەزمۇندىكى شۇئار ۋە سىننىئالغۇ لىنتىلىرىدىن 195 قاپ، ئەكسىيەتچىل مەزمۇندىكى كىتاب ـ ژۇرنالدىن 700 پارچە يىغىۋېلىنغان. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مەخپىي مەشق قىلىش بازىسىدىن تۆتى بىتچىت قىلىنغان. يەر ئاستى دىنىي مەكتەپكە زەربە بېرىلىپ، 24 ئادەمگە چارە كۆرۈلگەن، 49 جىنايەتچى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغان. ھەر خىل جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 76 سى پاش قىلىنغان، بىر تۈركۈم قورال، ئوق ـ دورا قولغا چۈشۈرۈلۈپ، دۈشمەننىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان.

يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چارە ـ تەدبىرلىك بولۇپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىياپىتىدە بۈگۈنكىدەك گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن.

(ئاپتور قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە پاپچان بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن)

※ ※ ※ ※ ※ ※

(بېشى 53 ـ بەتتە)

مەنبەلەرنى ئېتىپ تاشلاپ، مۇقىملىق ئۈچۈن كۆپلەپ تۆھپە قوشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ياكى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشمايدىغان كىشىلەرنى كەمسىتىدىغان قىلمىشلارنى تەنقىد قىلىپ تۈزەتتى جۈملىدىن، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن قوغدىدى.

ئابلىمىت ماموتخان ھاجىم يەنە بارلىق دىنىي زاتلارنى ھالال ئىشلەپ، ئۆز ئەمگىكى ۋە تىجارىتىگە تايىنىپ بېيىش ۋە ئالدىن بېيىغاندا دۆلەتنى، نامراتلارنى ئېسىدىن چىقارماسلىق توغرىسىدا سەپەرۋەرلىككە كەلتۈردى. ئۆزى يېتىم ـ يېسىر ۋە ئاجىزلارغا ساخاۋەتلىك قولىنى كەڭ سوزۇپ، 1994 ـ يىلدىن بۇيان، ناھىيىلىك يېتىم باللار ھۈنەر ـ تېخنىكا مەكتىپىگە ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى نامىدىن 1000 يۈەن، ئۆز يېنىدىن 3000 يۈەن ئىئانە قىلدى. باققۇچىسى يوق ھاۋاخان ۋە سېلىمخان قاتارلىقلارغا نەق پۇل، ئوتۇن ـ كۆمۈر، ئۇن ـ ياغ قاتارلىقلارنى ياردەم قىلىپ، تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى، مائارىپنى قوللىدى. ئالىملارنى قەدىرلەش يۈزىسىدىن ئالىم تەجەللىنىڭ مەقبەرىسىنى ياساش، قوغداش خىزمىتىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشتى.

(ئاپتور قاغىلىق ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن)

# دېھقان، چارۋىچىلار ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداشتا ئاساسىي قانۇن بىلەن قانۇنلارنىڭ پەرقىنى بىلىۋېلىشى ئىنتايىن مۇھىم

نۇرئىمان ئابدۇكېرىم

ئاپتونوم رايونىمىز دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان چوڭ رايون بولۇپ، زامانىۋىلاشقان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىشى دېھقان، چارۋىچىلاردىن ئىبارەت ئاساسىي قوشۇن ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بازار ئىگىلىكى كەسكىن رىقابەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە دېھقان، چارۋىچىلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتا دېھقان، چارۋىچىلارغا دائىر قانۇن - نىزاملارنىڭ كۈچىگە تايىنىش بىلەن كاپالەتلىنىدۇ. شۇڭا دېھقان، چارۋىچىلار ئاساسىي قانۇن بىلەن ئۆزگە مۇناسىۋەتلىك ئادەتتىكى قانۇن - نىزاملارنى بىلمىسە ياكى ئۇلارنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمىسا تۈرلۈك قانۇن - نىزاملارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنالمايدۇ - دە، جانجان مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان چوڭ ئىشلاردا دەخلى - تەرۇزگە ئۇچراپ زىيان تارتىدۇ.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش — ئېلىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تۈپ ۋەزىپىسى. بۇ تۈپ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش - چىقالماسلىقىمىز، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قارشىمىزنى ئۆستۈرۈش سەۋىيىمىزگە باغلىق.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگىنىمىز، كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە، تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى، ئىقتىسادىي ئىشلارنى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىش ۋە قانۇنلىشىشىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرىدۇ. بۇنداق تۈزۈم ۋە قانۇن رەھبەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان، رەھبەرلەرنىڭ كۆز قارىشى ۋە دىققەت - ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان قىلىش دېگەنلىك.

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىنتايىن مۇھىم سىياسىي مەسىلە. چۈنكى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش، دۆلەتنى سوتسىيالىستىك قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى بەرپا قىلىش — پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈپ ئومۇمىي تەدبىرى، ئۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئومۇمىي تەدبىرى، ئۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى. جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنىڭ، پۇقرالارنىڭ ھەر تۈرلۈك ھوقۇقىتىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولۇشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. شۇڭا، دېھقان، چارۋىچىلار ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداشتا، ئاساسىي قانۇن بىلەن ئادەتتىكى قانۇنلارنىڭ پەرقىنى بىلىۋېلىشى، ئۆزگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنىڭ ئەسقاتىدىغان ماددىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىشى ئىنتايىن مۇھىم.

ئۇنداقتا ئاساسىي قانۇن بىلەن ئادەتتىكى قانۇنلارنى قايسى جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈشكە بولىدۇ؟

بىرىنچى، «ئاساسىي قانۇن» نىڭ مەزمۇنى ئادەتتىكى قانۇنلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. «ئاساسىي قانۇن» دا دۆلەت تۈزۈمىدىكى ئەڭ تۈپ، ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەر، جۈملىدىن دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتىكى قانۇنلاردا دۆلەت تۈزۈمىشى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىشىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى ياكى بىر قانچە تەرىپىدىكى

كونكرېت مەسىلىلەر بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك قانۇنى» دا پەقەت يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنگەن بولىدۇ ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتلاق قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورمان قانۇنى» دېگەنگە ئوخشاش كونكرېت شەيئى ئۈستىدە چەقىرىلغان قانۇننى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئىككىنچى، «ئاساسىي قانۇن» نىڭ قانۇن كۈچى ئادەتتىكى قانۇنلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ. «ئاساسىي قانۇن» دۆلەتنىڭ پۈتكۈل قانۇن سىستېمىسىدا ئەڭ يۇقىرى قانۇنىي ئورۇن ۋە كۈچكە ئىگە، ئۇ ئادەتتىكى قانۇنلارنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى، بارلىق قانۇنلار «ئاساسىي قانۇن» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىشى، «ئاساسىي قانۇن» نىڭ پرىنسىپلىرىغا خىلاپ كەلمەسلىكى، «ئاساسىي قانۇن» نىڭ ماددىلىرىغا زىت كەلمەسلىكى شەرت. «ئاساسىي قانۇن» غا زىت كەلگەنلىكى قانۇنلار ۋە باشقا قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر ئىناۋەتسىز، ئۇنى بىكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، «ئاساسىي قانۇن» نى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەرتىپى ئادەتتىكى قانۇنلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ.

«ئاساسىي قانۇن» نى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئادەتتە مۇئەييەن ئورگان تەرىپىدىن مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇنى» نىڭ 64 - ماددىسىدا: «ئاساسىي قانۇنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپى ياكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ تەكلىپى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئومۇمىي ۋەكىللىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدۇ. قانۇنلار ۋە باشقا تەكلىپلەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئومۇمىي ۋەكىللىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ماقۇللىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

تۆتىنچى، «ئاساسىي قانۇن» نىڭ ئىزاھلىنىشى ۋە ئىجراسىنىڭ نازارەت قىلىنىشى باشقا قانۇنلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇنى» دا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى «ئاساسىي قانۇن» نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەنە «ئاساسىي قانۇن» نى ئىزاھلاشقا ھوقۇقلۇق؛ باشقا قانۇنلارنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورگان ئىزاھلايدۇ. مانا بۇ «ئاساسىي قانۇن» بىلەن ئادەتتىكى قانۇنلارنىڭ بەلگىلىك پەرقى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنىمۇ كونكرېتراق چۈشەندۈرگەندە «ئاساسىي قانۇن» بىلەن ئادەتتىكى قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلغان ۋاقتى، ئاساسىي روھى، يېتەكچى ئىدىيىسى، مەزمۇنى، دائىرىسى ئوخشىمايدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئېچىلغان 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي ھەيئەتلىرى يىغىنىدا ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن رولىنى ئوينىغان «ئورتاق پروگرامما» ماقۇللانغان؛ «ئورتاق پروگرامما» دىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي قانۇن خاراكتېرلىك ھۆججەتنى ئېلان قىلغاندىن باشقا يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت رەسمىي ئاساسىي قانۇننى — 1954 - يىلدىكى «ئاساسىي قانۇن»، 1975 - يىلدىكى «ئاساسىي قانۇن»، 1978 - يىلدىكى «ئاساسىي قانۇن» ۋە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان 1982 - يىلدىكى «ئاساسىي قانۇن» نى ئېلان قىلدى. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «ئاساسىي قانۇن» نىڭ ئاساسىي روھى: بىرىنچى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش؛ بۇ «ئاساسىي قانۇن» نىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسى؛ ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش؛ ئۈچىنچى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش؛ تۆتىنچى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش. ئادەتتىكى قانۇنلاردىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك قانۇنى». بۇ قانۇن 1993 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنىدا ماقۇللانغان. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى—

ئومۇمىي پرىنسىپ، يېزا ئىگىلىك تۈزۈلمىسى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوبوروتى، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسى، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك مائارىپى، يېزا ئىگىلىك بايلىق مەنبەسى ۋە يېزا ئىگىلىك مۇھىتىنى قوغداش، قانۇنىي جاۋابكارلىق ۋە قوشۇمچە پرىنسىپ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمدى «يېزا ئىگىلىك قانۇنى» يەنە تۆۋەندىكى قانۇنلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇلار: «ئاساسىي قانۇن»، «ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى»، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش قانۇنى»، «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»، «سۇ - تۇپراقنى ساقلاش قانۇنى»، «سۇ قانۇنى»، «يايلاق قانۇنى»، «بېلىقچىلىق قانۇنى»، «ئورمان قانۇنى»، «ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى» قاتارلىقلار.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىل مابەينىدە پارتىيىمىز تارىخى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرى كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى، دېھقان، چارۋىچىلار ئاساسىي قانۇن ۋە ئادەتتىكى قانۇنلار بويىچە ئىش قىلىدىغان بولدى. دۆلەتنى قانۇنىدىن ئىبارەت قورال ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ۋە ئۆزىنىڭ قانۇن ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئۆگىنىۋالدى. لېكىن، بىر قىسىم كىشىلەر ۋە دېھقان، چارۋىچىلار ئاساسىي قانۇن ۋە ئادەتتىكى قانۇنلارنى ياخشى ئۆگەنمەسلىك تۈپەيلىدىن ئاساسىي قانۇن بىلەن ئادەتتىكى قانۇنلارنىڭ پەرقىنى بىلەلمەسلىك، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ھەم لازىملىق بولغان قانۇن بىلىملەردىن پايدىلىنالمىسلىقتەك سەۋەبلەر بىلەن دۆلەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتى ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنلۇق خۇسۇسىي ھوقۇق - مەنپەئىتى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىماقتا. بۇ بىلىش بىلەن بىلمەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى يوچۇق بولسىمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىش. بۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ قانۇن مۇلازىمەت كادىرلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشى، قانۇن بىلىملىرى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. جايلار، تارماقلار ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن قانۇن ئۆگىنىشى، قانۇن تەشۋىقاتى خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇشى، قانۇن تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتى مەزگىلىدىكى قانۇن - ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلىشى لازىم. ھەرگىزمۇ شەكىلۋازلىق قىلماسلىقى، يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن ئاز - تولا تەكىتلەپ قويۇپ، ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىپلا قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى تىلغا ئېلىپمۇ قويماسلىقتەك خاھىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىر قىسمەن يېزا ئاساسىي قاتلاملاردا قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە سەل قارالغانلىقتىن، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر، چوڭ - كىچىك دېلولار ئوخشىمىغان دەرىجىدە سادىر بولماقتا. بۇنداق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك يېزا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتىنى پۇختا ئىشلەپ، ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلار ئارىسىدا ئاساسىي قانۇن ۋە ئادەتتىكى قانۇنلارغا تايىنىپ، ئۆزىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان مەسىلىگە يولۇققاندا قانۇننى ئۆلچەم، پاكىتنى ئاساس قىلىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. بۇ ئىش ھەقىقىي ئىشقا ئاشسا، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىغىلى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

(ئاپتور تېكەس ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە
مەكتىپى قانۇنشۇناسلىق ئوقۇتقۇچىسى)

# هاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇهاكىمە قىلىش بىلەن ئۆتكەن 45 يىل

ئىدرىس قادىر

1954 ـ يىلى دۆلىتىمىزدە تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورۇنلىتىلغان مەزگىلدە ساقال ـ بۇرتى ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان، جۇشقۇن هاياتي كۈچى، ئەقىل ـ پاراستى، توغرا پىكىرلىكى، تەمكىن ۋە سالماقلىقى تەپچىپ تۇرىدىغان 19 ياشلىق خۇش تەبەسسۇم ۋە چىقىشقاق بىر ئۇيغۇر يىگىتى شۇ يىلى سىنتەبىردە ئېچىلغان قاغىلىق ناهىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىغا قاتنىشىپ، خەلقنىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان دىنىي زات ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن هاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە هاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇهاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ سىياسىي سەهنىدىن ئورۇن ئالغانىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىرانلىق دەۋرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، قويۇق چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق كىرگەنلىكىگە قارىماي، يەنىلا ياشلىق دەۋرىدىكى جىسمانىي ۋە روهىي ساغلاملىقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئابلىمىت مامۇتخان هاجىم ئىسمىلىك بۇ كىشى هېلىهەم پۈتۈن ناهىيىدىكى هەر مىللەت، هەر ساهە كىشىلىرىنىڭ هۆرمىتى ۋە هىمايىسى بىلەن هەر دەرىجىلىك شەرەپ ۋە سىياسىي سەهنىلىرىدىن مەزمۇت ئورۇن ئېلىپ، خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە ئادىل مۇهاكىمە يۈرگۈزۈش پۇرسىتىدىن بەهرىمەن بولۇپ كەلمەكتە. كونكرېتراق ئېيتقاندا، ئابلىمىت مامۇتخان هاجىم 45 يىلدىن بۇيان ئۇدا ناهىيىلىك 11 نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللىكىگە، ناهىيىلىك هەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ، 3 ـ، 6 ـ، 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە، شۇنىڭدەك سىياسىي كېڭەش قاغىلىق ناهىيىلىك 3 ـ 4 ـ 5 ـ 6 ـ 7 ـ 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ هەيئەت ئەزالىقىغا، قاغىلىق ناهىيىلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە مۇدىرلىقىغا، قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 ـ، 2 ـ نۆۋەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزالىقىغا، ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ 2 ـ 3 ـ 4 ـ نۆۋەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ هەيئەت ئەزالىقىغا ۋە دائىمىي هەيئەت ئەزالىقىغا، مەملىكەتلىك 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ نۆۋەتلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ هەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى. 1993 ـ يىلدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ كەلمەكتە. 1982 ـ يىلدىن بۇيان ئۇدا ناهىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس، ۋىلايەت بويىچە 1 ـ، 3 ـ، 4 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى، 1993 ـ يىلدىن بۇيان يەنە ناهىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە «بەشتە ياخشى دىنىي زات»، دىنىي قانۇن بويىچە باشقۇرغان ئىلغار شەخس، 1996 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە سىياسىي كېڭەش سىپىدىكى ئىلغار شەخس دېگەنگە ئوخشاش شەرەپلىك ناملار بىلەن كۆپ قېتىم مۇكاپاتلاندى ۋە تەجرىبە تونۇشتۇرۇپ شەرەپ سەهنىلىرىدىن ئورۇن ئالدى. ئابلىمىت مامۇتخان هاجىمنىڭ مۇهىم تۆهپىسى شۇكى، ئۇ بىرلىكسەپ ئوبيېكتىپلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئازادلىقتىن بۇيانقى تۈرلۈك ئىجتىمائىي هەرىكەتلەردە ۋە پائالىيەتلەردە «جۇڭگو كومپارتىيىسىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، پارتىيە ۋە هۆكۈمەت بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە هەمكارلىشىپ، ئىجابىي تەكلىپلەرنى بېرىپ ۋە ئاكتىپ خىزمەت ئىشلەپ، كۆۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى. 1956 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدە كېلىپ چىققان مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، تەشۋىق ـ تەربىيىنى ئاساس قىلىپ،

ئائىلىقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا ھۆكۈمەتكە
تەكلىپ بەردى ۋە ئۆزى مەسئۇل بولۇپ مەسىلە بىر قەدەر
ئېغىر بولغان چاسا مەسچىد، زوڭلاڭ يېزىلىرىغا چە-
قىپ، جامائەتچىلىككە بولۇپمۇ دىنىي ساھەدىكىلەرگە
پارتىيىنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قى-
لىپ، بەزى مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى پەسەيتتى ھەمدە ئۆزى-
نىڭ چاسا مەسچىد كەنتىدىكى يەرلىرىنى باشلامچىلىق
بىلەن كوپېراتسىيىگە قوشۇپ ئۈلگە كۆرسىتىپ، نا-
ھىيە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش خىز-
مىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەسسە قوشتى
. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئو-
مۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئۇ پارتىيىنىڭ ئىسلاھات،
ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش،
بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش،
ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش
توغرىسىدىكى سىياسەتلىرىنى ئەڭ قىزغىن ۋە ئاكتىپ
قوللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى مەزگىلىدە ئاممىغا ۋاكالىتەن تىزناپ دەرياسىغا
كۆۋرۈك سېلىپ بېرىش توغرىسىدا پىكىر ـ تەكلىپ-
لەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىققەت ـ ئېتىبارنى قوزغىدى،
1986 ـ يىلىغا كەلگەندە 600 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى بۇ
كۆۋرۈك پۈتۈپ قاغىلىق خەلقىغە بەخت كەلتۈردى.

ئابلىمىت ماھۇتخان ھاجىم يۈكسەك دەرىجىدە ۋە-
تەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە، ئۇ ئەزەلدىن ۋەتەنىنىڭ
بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئۆزئارا ئىتتى-
پاقلىقنى قوغداش، مۇقىملىقنى ساقلاش ۋە ئۇنى ئىل-
گىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ھەر قانداق خېيىم ـ خەتەر ۋە
بېسىمدىن قورقماي دادىل خىزمەت ئىشلەپ كەلدى.
1984 ـ يىلى ھەج قىلغىلى بارغاندا، قوشنا ۋىلايەتتىن
بارغان بىر كىشىنىڭ كۆتۈۋېلىش سورۇنىدا ھېچبىر
تەپ تارتماي ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان
كەلتۈرىدىغان بەزىبىر سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى سىرت-
تىن ئائىلىغان ئابلىمىت ماھۇتخان ھاجىم پۇرسەتنى
ئۆتكۈزۈۋەتمەيلا ھېلىقى كىشىگە ۋە باشقىلارغا ئۇلۇغ
ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئورتاق تىرىشىپ
كۆرەش قىلىپ ياراتقان ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرىنى
سۆزلەپ رەدىيە ۋە تەربىيە بەردى.

ئادەتتىكى چاغلاردا تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى
قىزغىن ھىمايە قىلىپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە
ئىقتىسادىي مۇقىملىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، ھەر
دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىدا ۋە ئۆزىنىڭ
خىزمەت ۋەزىپىلىرى دائىرىسىدە ئاكتىپ پىكىر ـ تەك-
لىپلەرنى بەردى ھەمدە بۇلارنى كونكرېت خىزمەتلەردە
ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. سىياسىي
كېڭەش ئەزالىرى ۋە دىنىي ساھەدىكىلەرگە ھەر دائىم
«ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى كەڭ تەشۋىق
قىلدى ۋە كۈچلۈك تەلەپ قويدى. 1980 ـ يىلدىن بۇيان
قاغىلىق ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن «20 ـ ئاۋغۇست» ۋە-
قەسى، 1981 ـ يىلىدىكى «13 ـ يانۋار ۋەقەسى»، 1990 ـ
يىلىدىكى «5 ـ يانۋار ۋەقەسى» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز
بەرگەن ھەر خىل سۈركۈلۈش ۋەقەلىرىدە بايرىقى روشەن
ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاممىغا زېرىكمەي تەربىيە
خىزمىتىنى ئىشلەپ مۇقىمسىزلىقلارنىڭ ئالدىنى
ئالدى. 1994 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جايتېرەك يولى بويىدى-
كى توپا دۆۋىسىدە يالغۇز ئۇخلاپ قالغان ئۈچ ياشلىق بىر
خەنزۇ بالىنى ئۆيىگە ئەكىرىپ ئىسسىندۇرۇپ ۋە ئو-
زۇقلاندۇرۇپ، ئۇنى ئۆز دادىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى.
1995 ـ يىلى ناھىيە ئۇيۇشتۇرغان مىللىي بۆلگۈنچى-
لىككە قارشى لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ،
بىر قىسىم يېزا ـ بازارلارغا بېرىپ 1650 ئادەم ـ قېتىم
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىيات
توغرىسىدا دەرس سۆزلىدى. دىنىي قانۇن بويىچە باش-
قۇرۇش، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداشتا
چىڭ تۇرۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى بارلىق سىياسىي
كېڭەش ئەزالىرى ۋە دىنىي ساھەدىكىلەرگە بولغان تەر-
بىيىنى كۈچەيتتى. سىرتتىن كەلگەن تالىپلارنى ئې-
نىقلاش، ناھىيە ئىچىدىكى تالىپلارنى تىزىملاپ،
ئارخىپ تۇرغۇزۇپ باشقۇرۇش، دىنىي ۋەزىپە ئۆتى-
گۈچىلەرنى تەربىيىلەش قاتارلىق خىزمەتلەر ئار-
قىلىق مۇقىمسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان

(داۋامى 48 ـ بەتتە)

**شايار ناهىيىسىدە «شەھەر بازىرىنىڭ ئاممىۋى مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش سىناق چارىسى»نى يولغا قويۇش ۋە يودلۇق تۇز بىلەن تەمىنلەشنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەتلىرى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى**

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە ناهىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەركىبىدىكى بىر قىسىم خادىملار، ناهىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى، مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت ـ سەھىيە كومىتېتى، خەلق هۆكۈمىتى، سەھىيە ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ناهىيىلىك ساقلىقنى ساقلاش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ھەم ئالاقىدار خادىملار بولۇپ ئىككى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بويىچە تۆت چوڭ كوچا، 38 ئورۇننىڭ مۇھىت تازىلىقى ئەھۋالى ۋە دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى ئونغا يېقىن تۇز ساتىدىغان ئامبار ـ دۇكانلارنى تەكشۈرۈپ چىقتى.

شەھەر ـ بازارنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش چارىسى ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان، خەلق هۆكۈمىتى، ئالاقىدار تارماقلار ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، چارىنى ئەمەلىيەتتە يولغا قويۇپ، شەھەر بازىرىنىڭ مۇھىت تازىلىقى تەرتىپىنى قانۇن كاپالىتى بويىچە باشقۇرۇش جەھەتتە تىرىشىپ، ناهىيىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرغان. لېكىن ئۆگىنىش چوڭقۇر بولماسلىق، ئىجرا قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش كۈچلۈك بولماسلىق، فۇنكسىيىلىك تارماقلار ئىجرا قىلىش جەريانىدا ماسلاشماسلىق ياكى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ قويۇش ھادىسىلىرى بولغانلىقتىن، ئەسلى مەشغۇلات داۋامىدا يەنىلا مۇھىت تازىلىقىدا پاسكىنا، قالايمىقان ناچار ھالەتلەر پەيدا بولغان.

تۇزچىلىق شىركىتىدە مەخسۇس ئىشخانا تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالمىغان. گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ۋە ناهىيىنىڭ تۇز باشقۇرۇش چارىلىرى، نىزاملىرى بولسىمۇ، قانۇن، نىزاملارنىڭ تەشۋىق قىلىنىشى ئاجىز بولغانلىقتىن، دۇكان، ماگىزىنلاردا ئۆلچەمسىز تۇز ساتىدىغان ئەھۋاللار ئومۇملىشىپ قالغان، يېزىلاردا خېلى كۆپ كىشىلەر تېخى يەرلىك جاڭگال تۇزى ئىچىپ كېلىۋاتقان ئەھۋاللار بار. بۇ خىزمەتتە خەلق هۆكۈمەت ھاكىمى بىلەن يېزا باشلىقلىرى توختام ئىمزالىمىغان بولسىمۇ، بۇ خىزمەت تازا ياخشى ئەمەلىيلەشمىگەن. 1999 ـ يىلىق يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن كۆرسەتكۈچنىڭ ھازىرغىچە % 10 مو ئورۇندالمىغان، شۇڭا رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقات قۇربىنى ئاشۇرۇپ، هۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى مەسئۇل بولۇپ بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي تۇتۇش تەلەپ قىلىنىدى. بۇ ئىككى تەكشۈرۈش ئەھۋالى ناهىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 9 ـ يىغىنىدا دوكلات قىلىنىپ، ئالاقىدار مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاپ، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش، كۆزدىن كەچۈرۈش خىزمىتىنىڭ دەل ۋاقتىدا بولغانلىقى، بىر قىسىم ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ياخشىلاشتا ئالاھىدە تۈرتكە بولۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك تۈرمۇشنى ساغلاملاشتۇرۇشقا ئاساس سېلىندى.

(شايار ناهىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى كادىرلار ۋە ۋەكىللەر خىزمەت كومىتېتىدىن نۇردۇن سوپۇر)

※ ※ ※ ※

**ئۇلۇغچات ناهىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى**

ئۇلۇغچات ناهىيىلىك 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇردى. «ئاساسىي قانۇن» ئاتا قىلغان هوقۇقلىرىنى ياخشى يۈرگۈزدى. بۇ نۆۋەتلىك يېڭى بەنزە بولتۇر بارلىققا كەلگەندىن ھازىرغىچە جەمئىي سەككىز قېتىم خ ق دائىمىي كومىتېتى سانلىق يىغىنلىرىنى ئاچقان بولۇپ، يىغىندا هۆكۈمەتنىڭ ھەر تەرەپلەردىكى خىزمەتلىرىنى ۋە تۈرلۈك قانۇن، نىزاملارنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىدىن دوكلات ئۇقۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىگە ئۇنۇملۇك تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇ سەككىز قېتىملىق سانلىق يىغىندا جەمئىي ئون نەچچە قانۇننىڭ

ئىجراسى ھەققىدىكى دوكلات ئاڭلانغان بولۇپ، كومىتېت ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىنى شۇ قېتىمقى يىغىندا ئاڭلىماقچى بولغان مەزمۇنلارغا قارىتا يىغىندىن بالدۇر كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ئۇيۇشتۇرۇش شۇنداقلا دوكلاتنى ئەستايىدىل، ئىنچىكىلىك بىلەن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ قاراپ چىقىش ئارقىسىدا، بۇلتۇردىن بۇيان «دېھقانچىلىق قانۇنى» قاتارلىق تۆت قانۇننىڭ ئىجراسى ھەققىدىكى دوكلاتنى كېيىنكى يىغىنلاردا قايتىدىن قاراپ چىقىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىزمەتلەرگە بولغان تونۇشى ئۆستۈرۈلدى.

**(ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ئالىبول)**

※ ※ ※ ※

**ئۇلۇغچات ناھىيىلىق خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللىدى**

يېقىندا، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، بۇ ناھىيىدە «تۇرمە قانۇنى»نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى. كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى تۇرمىخانىسىنىڭ ۋە ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى نازارەت قىلىش بۆلۈمىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ۋە خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، ئاندىن دېجۇرنىلىك خاتىرىسى، يىغىن خاتىرىسى، تۇرلۇك تۈزۈم، قائىدىلەرنى كۆردى. مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئىگىلىدى، سورىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرمە، ئاشخانا قاتارلىق ئورۇنلاردا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «تۇرمە قانۇنى»نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى خۇلاسىلەش يىغىنى ئاچتى، بۇ قانۇننىڭ ئىجراسىنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى بولغانلىقىنى، ناھىيە مالىيىسىدە قىيىنچىلىق بولغانلىقتىن، تۇرمە خىراجىتى، قاتناش قوراللىرى كەمچىل بولۇشتەك ئەھۋاللارنىڭ بارلىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى.

**(ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ئالىبول)**

**ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى يىغىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ زوراۋانلىق ھەرىكىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىنى ئاچتى**

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيىدىكى ۋە ناھىيىگە يېقىن يېزا، بازارلاردىكى ئوبلاست، ناھىيىلىك ئىككى دەرىجىلىك خ ق ۋەكىللىرىنى يىغىپ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ ئېلىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنى بومباردىمان قىلىشتەك زوراۋانلىق قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىنى چاقىردى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا جەمئىي 20 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار بىردەك ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ش ئا ئە ت نىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قاتتىق نارازى ئىكەنلىكىنى، قۇربان بولغانلارغا تەزىيە بىلدۈرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىدا تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، يولداش ۋۇ دېگۈن روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ۋەتەن ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييار ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

**(ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ئالىبول)**

※ ※ ※ ※ ※

**توغرىغاز يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى خىزمەت نازارەتچىلىكىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن ئىزىغا سالدى**

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ توغرىغاز يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى، يېزىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەر ۋە قىزىق مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاش، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش، سۈرۈشتۈرۈش، باھالاش قاتارلىق ئۈنۈملۈك نازارەت شەكىللىرى ئارقىلىق خىزمەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ مەمۇرىي تارماقلى-

رىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانۇن ئىزىغا سالدى.

1) يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەر يىلى خەلق قۇرۇلتىيى سانلىق يىغىنىدا، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىنقى يىللىق ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان ۋە مالىيە خام چوت پىلان ئىجراسى ھەمدە يېزا يىغىمىسى خام چوت ئىجراسى ۋە كېيىنكى يىلىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان، مالىيە خام چوت ھەمدە يېزا يىغىمىسى پىلان توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ تەستىقلاشنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلدى.

2) يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلىدە يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ خىزمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ھەيئەت رىياسىتى ئەزالىرى ۋە بىر قىسىم ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، 12 مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، 13 «يەتتە پونكىت، 8 ئورۇن» باشلىقىنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ، خىزمەتنى كۆچەيتىش ۋە ياخشىلاش ھەققىدە 136 پارچە تەكلىپ، پىكىر بەردى. بۇنىڭدىن 132 پارچىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 149 پارچە قارار ۋە بېكىتمە چىقاردى، دوكلات ئاڭلاشتىن بۇرۇن ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، تەكلىپ، پىكىر بېرىشنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇدى.

3) يېزىلىق ھەيئەت رىياسىتى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ھەيئەت رىياسىتى يىغىنىنىڭ قارالمىلىرىنى دەۋرى قىلىپ، ھەيئەت رىياسىتى تەركىبىدىكىلەر ۋە ۋەكىللەرنى مەخسۇس تېما بويىچە 115 ۋەكىل قېتىم قاتناشتۇرۇپ، ئۇدا 12 قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. 37 ۋەكىل ئۆز ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى بويىچە سەككىز ئورۇننى، 29 ۋەكىل ئۆز ئالدىغا يەتتە ئورۇننى كۆزدىن كەچۈردى ۋە تەكشۈردى. بۇ ئارقىلىق پاختا سېتىۋېلىش جەريانىدىكى دەرىجىسىنى پەسلىتىش، باھانى تۆۋەنلىتىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش، چىگىت، قوناق، ئۇرۇق، ھاشارات يوقىتىش دورىلىرى ۋە چارۋا ۋاكسىنىلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىش، تولۇق ئىشلىتىپ بەرمەسلىك ھادىسىلىرىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

4) يېزىلىق ھەيئەت رىياسىتى ۋەكىللەرنى ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ مەمۇرىي تارماقلىرى، ئەدلىيە ئورۇن مەسئۇللىرىنى ھەمدە «يەتتە پونكىت»، «سەككىز ئورۇن» مەسئۇللىرىنى باھالاش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يېزىلىق ھەيئەت رىياسىتى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ بەش مۇئاۋىن باشلىقى، يەتتە «يەتتە پونكىت»، «سەككىز ئورۇن» مەسئۇلى ئۈستىدە باھالاش ئېلىپ باردى. باھالاش خىزمىتى تەشۋىقات، سەپەرۋەر قىلىش باسقۇچى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش باسقۇچى، باھالاش باسقۇچى، تەرتىپكە سېلىش، تۈزىتىش باسقۇچى ۋە خۇلاسىلەش باسقۇچىدىن ئىبارەت بەش باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئارقىلىق دۆلەت ئورگىنى خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەتكارلىق ئېڭى، قانۇنچىلىق ئېڭى كۈچەيتىلدى.

**(كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن مەنتۇرسۇن ئېزىز)**

※ ※ ※ ※ ※

### توغرىغاز يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ۋەكىللەر پائالىيىتىنى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ توغرىغاز يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى ۋەكىللەر پائالىيىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ: بىرىنچىدىن، ئۇلار بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇردى، ئىككىنچىدىن، نامرات ئائىلىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلەپ ياخشى نەتىجە ياراتتى.

يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 37 ۋەكىلى 76 ئائىلىنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇلارنى ئەقىل جەھەتتىن يېتەكلەش، پەن - تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ يار - يۆلەكتە بولۇش ئارقىلىق بەش يىل ئىچىدە 72 ئائىلىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردى.

ھەيئەت رىياسىتى يەنە ھەر يىلى ھېيت - بايرام مەزگىلىدە ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، نامرات ئائىلە ۋە «ئۈچ يېشقەدەم» لەرنى زىيارەت قىلىش، يوقلاش، كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي

قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، 140 ئادەم ـ قېتىم ۋەكىل ئۆزلىرى يىغىش قىلىپ، 336 نامرات ئائىلىگە، 42 پېشقەدەم كىشىلەرنى 22 مىڭ 400 كىلوگىرام ئاشلىق، 25 مىڭ 500 كىلوگىرام ئوتۇن ـ كۆمۈر، 142 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 3450 كىلوگىرام خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن ھال سورىدى ۋە يوقلىدى. ئۇلار يەنە 198 ئادەم ـ قېتىم ۋەكىلنى تەشكىللەپ، ئالتە قېتىمدا 22 يېزىدىغان ۋەكىللەر ئائىلىسىنى زىيارەت ھەم تەجرىبە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، بېيىتىش يولىنى ئۆگەتتى.

(كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن مەمتۇرسۇن ئېزىز)

※ ※ ※ ※


**چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى ۋە يەرلەرنى ئىككىنچى قېتىملىق ھۆددىگە بېرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى**

چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتىيە 15 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، چىرا ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتىنى تېخىمۇ يۇكسەلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە 15 ئىككى دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللىرىنى ۋە 25 ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىنى تەشكىللەپ، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئىككى مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ بىۋاسىتە يېتەكلىشى بىلەن، نۇرى ۋە گۇلاخما يېزىسىنى نۇقتا قىلىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، يەرلەرنى ئىككىنچى قېتىملىق ھۆددىگە بېرىش، يەر كۆپەيتىش، قۇدۇق قېزىپ سۇ كۆپەيتىش، توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئۈستىدە كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ساقلانغان مەسىلىلەرنى بايقاپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تېزدىن تۈزىتىشكە بۇيرىدى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ، چېتىلغان دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، تەكشۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە تۆت چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ تۆت مەزمۇن بويىچە يېزا ۋە كەنتنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاش، ئاممىلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، دېھقانلارنى زىيارەت قىلىش، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورنى ۋە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ رولىغا بولغان تونۇشى ھەسسىلەپ ئاشتى. ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا قولاق سالىدىغان رەھبەرلەرگە، خەلق ۋەكىللىرىگە رەھمەت دېيىشتى.

(چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېت ئىشخانىسىدىن ئەركىن رەجەپ)




# دۇنيا سودا تەشكىلاتى

دۇنيا سودا تەشكىلاتى 1995 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي قۇرۇلغان، باش شتابى جەنۋەدە. ئۇ بىردىنبىر خەلقئارالىق سودا تەشكىلاتى بولۇپ، تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىنىڭ ئورنىنى ئالغان، ئۇ ئوراگۋاي ئۆچرىشىشىدىكى بىر قاتار كېلىشىمنى يولغا قويۇشقا، دۇنيا ئىقتىسادى ۋە سودا تەرتىپىگە مەسئۇل.


1944 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن برېتون ئورمانلىقى يىغىنىدا، دۇنيا بانكىسى ۋە خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى قۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلقئارالىق سودا تەشكىلاتى قۇرۇش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى، كېيىن بۇ تەكلىپ ئامېرىكىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئەمەلگە ئاشمىدى. 1947 ـ يىلى، ئامېرىكا تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىنى تۈزۈپ، ئۇنى سودا ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇشنىڭ ۋاقىتلىق شەرتنامىسى قىلدى. 1986 ـ يىلى باشلانغان ئوراگۋاي ئۆچرىشىش سۆھبىتى 1990 ـ يىلىغا كەلگەندە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن كانادا دۇنيا سودا تەشكىلاتى قۇرۇش توغرىسىدا رەسمىي تەكلىپ بەردى، 1994 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ماراكەشتە ئۆتكۈزۈلگەن تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىنىڭ مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنىدا، دۇنيا سودا تەشكىلاتى قۇرۇش رەسمىي قارار قىلىندى.

دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە تۈپ پرىنسىپى تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى بازارنى ئېچىۋېتىش، كەمسىتمەسلىك، باراۋەر سودىلىشىش ئارقىلىق، خەلقئارا سودىنىڭ ئەركىن ئېلىپ بېرىلىشىغا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت، ئوخشىمايدىغان يېرى، باشقۇرۇش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇ بۇرۇنقى ۋە ئوراگۋاي ئۆچرىشىشىدا يېڭىدىن بېكىتكەن تاۋارلار سودىسىنى باشقۇرۇشتىن سىرت، ئۇزۇندىن بۇيان تاموژنا بېجى ۋە سودا باش كېلىشىمىنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتقان ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى، سېلىنما تەدبىرى ۋە مۇلازىمەت سودىسى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.



دۇنيا سودا تەشكىلاتى قانۇنىي ۋەكىللىك ئورنى بولغان خەلقئارا تەشكىلات، ئۇ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تالاش ـ تارتىشلىرىنى كېلىشتۈرۈشتە يۇقىرى نوپۇزغا ۋە ئۈنۈمگە ئىگە.

دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى مىنىستىرلەر يىغىنى بولۇپ، ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدا ئومۇمىي مۇدىرىيەت ۋە كاتىبات باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان، ئۇلار دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ كۈندىلىك يىغىنلىرى ۋە خىزمەتلىرىگە مەسئۇل. دۇنيا سودا تەشكىلاتىدا 1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يەتتە كىشىلىك ھەكەملەر سوتى قۇرۇلۇپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى كېسىم قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى.



(«ئەنزەر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 13 ـ سانىدىن) زىلىقان ئېرىدىن تەرجىمىسى

# بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (قىسقارتىلىپ ب د ت دېيىلىدۇ) 1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلغان.

«بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ نىزامنامىسى» دە ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى: «دۇنيا تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش؛ ھەر قايسى ئەل خەلقىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش پرىنسىپى ئاساسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش؛ خەلقئارا ھەمكارلىقنى يولغا قويۇپ، دۆلەتلەر ئارا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئاساسىي ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا دۆلەتلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇش مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرىقى ئورتاق مەقسەتكە يېتىش» دەپ بەلگىلەنگەن.

ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەر ھازىر 185 بولۇپ، باش شتابى ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدە، ياۋروپادىكى ئىش ئورنى شۋېتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان. ب د ت دا ئالتە ئاساسلىق ئاپپارات تەسىس قىلىنغان، بۇلار: ب د ت چوڭ يىغىنى، خەۋپسىزلىك كېڭىشى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي كېڭىشى، باشقۇرۇشقا ھاۋالە قىلىش كېڭىشى، خەلقئارا سوت ۋە كاتىبات باشقارمىسىدىن ئىبارەت.

ب د ت چوڭ يىغىنى بارلىق ئەزا دۆلەتلەردىن تەركىب تاپقان، ئۇ ب د ت نىڭ ئاساسلىق ئىش قاراش ئورگىنى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتى: نىزامنامىدە بەلگىلەنگەن ھەر قانداق مەسىلە ياكى ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش ھەمدە ئەزا دۆلەتلەر ۋە خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە تەكلىپ بېرىش؛ خەۋپسىزلىك كېڭىشى ۋە ب د ت دىكى باشقا ئاپپاراتلارنىڭ دوكلاتىنى قوبۇل قىلىش ۋە قاراپ چىقىش؛ خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ غەيرىي ئەزا دۆلەتلەرنى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي كېڭىشى ۋە باشقۇرۇشقا ھاۋالە قىلىش كېڭىشىگە ئەزا دۆلەتلەرنى سايلاش ھەمدە خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن يېڭى ئەزا دۆلەتلەرنى قوبۇل قىلىشنى، ئەستىقلايدۇ ۋە باش كاتىپنى ۋاكالىتەن ۋەزىپىگە قويۇش قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا ب د ت خام چوتى ۋە ئەزا دۆلەتلەر ئۈستىگە ئالغان بەدەل پۇلىنىڭ نىسبىتىمۇ ب د ت چوڭ يىغىنىنىڭ قارارىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك.

خەۋپسىزلىك كېڭىشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئەمەلىي ھوقۇقلۇق سىياسەت بەلگىلىگۈچى ئاپپارات بولۇپ، نىزامنامىدە جۇڭگو، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە دائىمىي ئەزا دۆلەت دەپ بەلگىلەنگەن. 1991 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا روسىيە ئەزا بولدى. خەۋپسىزلىك كېڭىشى دۇنيا تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداشتا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى: خەلقئارادىكى تالاش - تارتىش ۋە دۆلەتلەر ئارا سۈركىلىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەر قانداق ۋەزىيەتنى تەكشۈرۈش، تالاش - تارتىشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا دەۋەت قىلىش؛ دۇنيا تىنچلىقىغا تەھدىت سېلىش، تىنچلىقنى بۇزۇش ياكى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەت ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ھەمدە ئىقتىسادىي، دىپلوماتىيە ياكى ھەربىي جازا چارىلىرى ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش؛ ھەربىي ئىدارە قىلىش پىلانىنى تۈزۈش؛ چوڭ يىغىنغا يېڭى ئەزا دۆلەتلەرنى ۋە باش كاتىپنى كۆرسىتىش ھەمدە ب د ت نىڭ ئىستراتېگىيىلىك باشقۇرۇشقا ھاۋالە قىلىش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈش قاتارلىقلار. خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ قارارىنى بارلىق ئەزا دۆلەتلەر قوبۇل قىلىشى ۋە ئىجرا قىلىشى شەرت. خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا بەش دۆلەتنىڭ ھەر قايسىسى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ دەل مۇشۇنداق سىياسەت بەلگىلەش رولى بولغاچقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەۋپسىزلىك كېڭىشىنى ئىسلاھ قىلىش ساداسى كۈنسېرى كۈچەيدى ھەمدە ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى.

كاتىبات باشقارمىسى ب د ت نىڭ ئىجرائىيە ۋە مۇلازىمەت ئورگىنى. باش كاتىپ ب د ت نىڭ مەمۇرىي باشلىقى بولۇپ، ئۇنى خەۋپسىزلىك كېڭىشى كۆرسىتىدۇ، ب د ت چوڭ يىغىنىدا تەيىنلىنىدۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بەش يىل، ئۇدا ۋەزىپە ئۆتەشكە بولىدۇ.

**(«نەزەر» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 13 - سانىدىن)**

**دىلمۇرات مۇھەممەد تەرجىمىسى**

## سايلىغۇچى ، پۇقىرا ۋە خەلق ئۇقۇمى ھەم ئۇلارنىڭ پەرقى توغرىسىدا

سايلىغۇچى، پۇقىرا ۋە
خەلق ئۇقۇمى ھەم ئۇلارنىڭ پەرقىنى
ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش سايلىغۇچىلار-
نى تىزىملاش خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەپ، نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام
خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ
بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا
مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1 . سايلىغۇچى ئۇقۇ-
مى.** سايلىغۇچى دېگىنىمىز ، قا-
نۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ، قانۇندا
بەلگىلەنگەن ياشقا تولغان ، سايلاش
ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا
ئىگە سايلىغۇچىلار ئىسىملىكىگە
كىرگۈزۈلگەن پۇقرالاردۇر. دۆلىتى-
مىزدە يېشى 18 گە تولغان ، سىيا-
سىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنمى-
غان پۇقرالارنىڭ ھەممىسى مىللىتى
، ئىرقى، جىنسى، كەسپى، ئائىلە
كېلىپ چىقىشى، دىنىي ئېتىقادى،
بىلىم دەرىجىسى ، مال - مۈلۈك
ئەھۋالى ۋە ئولتۇراقلىشىش ۋاقتىغا
قارىماي ، سايلاش ھوقۇقىغا ۋە ساي-
لىنىش ھوقۇقىغا ئىگە.

سايلىغۇچىلارنى تىزىم-
لاش جەريانىدا ، قانۇن بويىچە سىيا-
سىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان-
لارنى تىزىملىمىغاندىن باشقا ، ساي-
لاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەيدىغان
روھىي كېسەللەر ۋە ئىرادىسىنى
ئىپادىلىيەلمەيدىغان گومۇش كى-
شىلەر دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتى يا-
كى ھامىيسىنىڭ ماقۇللۇقىنى
ئالغان ھەمدە سايلام ھەيئىتى ئېتى-
راپ قىلغاندىن كېيىن ، سايلىغۇ-
چىلار ئىسىملىكىگە كىرگۈزۈلمەي-
دۇ ؛ ئارىلاپ تۇتىدىغان روھىي كې-
سەللەر سايلىغۇچىلار ئىسىملىكىگە
كىرگۈزۈلىدۇ، كېسەلى قوزغالغاندا
سايلاش ھوقۇقى ۋاقىتنچە توختىتى-
لىدۇ. ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ
قاماپ قويۇلغان، تەھقىقلىنىۋاتقان،
ئەيىبلىنىۋاتقان ، سوت قىلىنىۋات-
قان ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى
ياكى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ
قارارى بىلەن قاماپ قويۇلغان مەز-
گىلدە سايلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈ-
شى ۋاقىتنچە توختىتىلغانلار ساي-
لىغۇچىلار ئىسىملىكىگە ۋاقىتنچە
كىرگۈزۈلمەيدۇ. تۆۋەندىكى كىشى-
لەرنىڭ سايلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈ-
زۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ: (1)
مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ
تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى ،
رېجىم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان ،
ئەمما قوشۇمچە سىياسىي ھوقۇقى-
دىن مەھرۇم قىلىنمىغانلار ؛ (2)
قاماپ قويۇلۇپ تەھقىقلىنىۋاتقان ،
ئەيىبلىنىۋاتقان ، سوت قىلىنىۋات-
قان بولسىمۇ ، خەلق تەپتىش مەھ-
كىمىسى ياكى خەلق سوت مەھكى-
مىسى سايلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈ-
زۈشنى توختىتىپ قويۇشنى قارار
قىلمىغانلار ؛ (3) كېپىلگە بېرىل-
گەن ياكى تۇرار جايى نازارەت قىلى-
نىۋاتقانلار ؛ (4) ئەمگەك بىلەن ئۆز-
گەرتىلىۋاتقانلار ؛ (5) تۇتۇپ تۇرۇ-
لۇۋاتقانلار.

**2 . پۇقرا ئۇقۇمى.**
پۇقرا بىر قانۇنىي ئۇقۇم بولۇپ ،
ئادەتتە بىر دۆلەتنىڭ دۆلەت تەۋەلى-
كىدە بولغان، دۆلەتنىڭ ئاساسىي
قانۇن ۋە قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن
ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان ۋە
مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىدىغان
كىشىدۇر، ئۇ خەلقنىمۇ، خەلقنىڭ
دۈشمەنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ
. دۆلىتىمىزدە، دۆلەت تەۋەلىكى
قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاسا-
سەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى-
نىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدە بولغانلارنىڭ
ھەممىسى يېشىغا قارىماي، جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى
ھېسابلىنىدۇ.

**3 . خەلق ئۇقۇمى.**
خەلق بىر سىياسىي ئۇقۇم بولۇپ ،
ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر ۋە ھەر
قايسى ئەللەرنىڭ ھەر قايسى تارىخىي
دەۋرلىرىدە ئوخشاش بولمىغان مەز-
مۇنغا ئىگە بولغانىدى . مەسىلەن ،
دۆلىتىمىزدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە، ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغان بارلىق
سىنىپ، تەبىقە ۋە ئىجتىمائىي
تەشكىلاتلار خەلق دائىرىسىگە كىر-
گۈزۈلگەنىدى. ئازادلىق ئۇرۇش
مەزگىلىدە جاھانگىرلىككە ، بيۇ-
روكرات كاپىتالىزمغا، پومېشچىك-
لار سىنىپىغا ، شۇنىڭدەك بۇ سى-
نىپلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى گورۇھىغا
قارشى تۇرىدىغان بارلىق سىنىپ ،
تەبىقە ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلات
خەلق دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەنىدى
؛ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇ-
رۇلۇش مەزگىلىدە، ئىسلاھات، ئې-
چىۋېتىش ئىشلىرىنى قوللىغان ۋە

ھىمايە قىلغان، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتناشقان بارلىق سىنىپ، تەبىقە ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلات خەلق دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

4. سايلىغۇچى بىلەن پۇقرانىڭ پەرقى. سايلىغۇچى بىلەن پۇقرا قانۇنىي ئۇقۇم، لېكىن ئىككىسىنى سېلىشتۇرغاندا، سايلىغۇچىنىڭ مەزمۇنى پۇقرانىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا ئىچكى جەھەتتە كەڭ، تاشقى جەھەتتە تار بولىدۇ. دۆلىتىمىزدە، بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى مۇنداق: سايلىغۇچى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدە بولۇش، يېشى 18 گە تولغان بولۇش (سايلام كۈنى بويىچە ھېسابلىغاندا)، سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى بولۇشتەك ئۈچ شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك. پۇقرا سايلىغۇچىنىڭ قالغان ئىككى شەرتنى ھازىرلىماي، پەقەت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدە بولسىلا بولىدۇ. قانۇن بويىچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بولسىمۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدە بولسا، دۆلىتىمىزنىڭ پۇقراسى ھېسابلىنىۋېرىدۇ.

**(«خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 3 - سانىدىن)**

**ئەھمەت تۇختى تەرجىمىسى**

## ياشانغانلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك

**ساۋۇت ھېكىم**

مۇۋاپىق ھالدىكى بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتى ياشانغان كىشىلەرنىڭ تەن سالامەتلىكىنى ئاسراشتا ئىنتايىن مۇۋاپىق. بىراق، ياشانغانلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشىدا ھەرىكەت مىقدارى، ئۇسۇلى ۋە ئىلمىيلىك قاتارلىقلارغا دىققەت قىلمىغاندا، پايدىسى بولمايلا قالماستىن، بەلكى بەزى يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭلاشقا، ياشانغانلار بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

1. چېنىقىش تۈرلىرىنى ياخشى تاللاش. بۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە. ئادەتتە ياشانغانلار ئۆزىنىڭ شارائىتى يار بەرگەندە ھويلا - ئارامىلارنى تازىلاش، ئايلىنىپ سەيلە قىلىش، ئاستا يۈگۈرۈش ۋە قول گىمناستىكىسى قىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر سۈرئىتى بىر قەدەر ئاستا ۋە پۈتۈن بەدەن ھەرىكەتلىنىدىغان تۈرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ياشانغانلار ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش، ياز كۈنلىرى كۆللەردە سۇ ئۈزۈش ۋە ئېغىرلىق كۆتۈرۈشكە ئوخشاش چېنىقىش تۈرلىرىنى تاللاشتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىشى لازىم. زۆرۈر تېپىلغاندا دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە بۇ ھەقتە مەسلىھەت بېرىشىنى قوبۇل قىلىش لازىم.

2. ھەرىكەت مىقدارىنى مۇۋاپىق ئىگىلەش لازىم. بۇنىڭدا ياشانغان كىشىلەر ھەرىكەت قىلغاندا يۈرەك ھالىتىنىڭ نورمال سوقۇشتىن ئېشىپ كېتەمسىلىكىگە دىققەت قىلىش لازىم. ئەگەر ھەر قېتىملىق چېنىقىش ھەرىكىتىدىن كېيىن روھىي ھالىتى بۇرۇنقىدىن سەل ياخشىلانسا ئىشتىھاسى ئېچىلسا، ئۇيقۇسى ياخشىلانسا، بۇ ھەرىكەت مىقدارىنىڭ مۇۋاپىق بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەكسىچە ئەتىگەنلىكى ھەر قېتىملىق ھەرىكەتتىن كېيىن بېشى قېيىش، ھاسىراش، نەپسى بوغۇلۇش، كۆڭلى ئېلىشىش، ئۇيقۇسى قېچىش ۋە قوسۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە، بۇ ھەرىكەت مىقدارىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارغا يولۇققاندا ۋاقتىدا ئۆزگەرتىش لازىم. شۇنداقلا ھەر قېتىملىق ھەرىكەتتىن كېيىن شارائىت يار بەرگەندە، ھەر قېتىملىق تومۇرنىڭ سوقۇشى ۋە قان بېسىمىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنىمۇ تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. ئادەتتە ھەر قېتىملىق چېنىقىش ۋاقتى 30 — 40 مىنۇت ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ.

3. چېنىقىشنى ئۆزىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش لازىم. ياشانغانلاردا يۈرەك زەئىپلىشىش، جىگەر كېسەللىكى، ھاسىراش ۋە قەنت سىيىش كېسىلى قاتارلىق ھەر خىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ قىلىش ئەھۋاللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ۋاقىتلاردا ئەڭ ياخشىسى ئەھۋالى ياخشىلانغانغا قەدەر ئوبدان دەم ئېلىپ ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن ئاندىن بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ئويلاشسا بولىدۇ.

# ئۇلۇغ دەستە

(خاتىرە)

مەھمۇد سىدىق

بۇ 70 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى ئىشلار.

ئۇ يىللاردا تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىدا بېتوندىن قۇيۇلغان قەۋەتلىك بىرەر ئىمارەتمۇ يوق ئىدى، شۇنىڭدەك ئاپتوموبىللار قاتنايدىغان ئۇزۇن مۇساپىلىق باشقا يوللار تۇگۇل، بارلىق مۇساپىسىنى ھېسابلىغاندا 3 ـ 4 كىلومېتىردەك كېلىدىغان بازار يوللىرىمۇ تېخى ئاسفالتلاشتۇرۇلمىغان ۋاقىتلار ئىدى.

مەن ئاشۇ چاغلاردا چاچ ـ ساقىلى ئۇچتەك ئاقارغان، يۇمىلاق چىرايى، ئېگىز بويى، قارىمۇتۇق كەلگەن 65 ـ 70 ياشلاردىكى بىر بوۋاينىڭ ئوڭ قولىدا بىر رەسىم رامكىسىنى، سول قولىدا بىر پادىچى راۋىپىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەتتىم. قارا تەلپەك، قارا چېپەرقۇت يەكتەك، بوي ـ بەستىگە خوپ ياراشقان، ئېتىك، ئىللىق چىرايى بۇ بوۋاي بازارغا كىرىپ كېلىشى بىلەن كىشىلەر بىردىن، ئىككىدىن كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلاتتى.

مەن شۇ چاغلاردا بۇ بوۋاينىڭ كىشىلەرگە ھېلىقى رەسىم رامكىسىغا ئېلىنغان، يولداش ماۋزېدوڭنىڭ رەسىمى ھەمدە رامكىنىڭ يەنە بىر يۈزىدىكى خەت توغرىسىدا كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى، بەزىدە راۋاپنى سازلاپ ياڭراق ئاۋازدا قوشاق ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم.

ئوقۇشنىڭ، ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ تايىنى يوق ئاشۇ يىللاردا، مەكتەپ سىرتىدىكى كۆپ ۋاقتىم ئانامغا ئەگىشىپ، پارچە ـ پۇرات ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرى بىلەن «قاراڭغۇ بازار» چىلىق قىلىپ قورساق غېمىنى ھەل قىلىش بىلەن ئۆتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ بوۋاي بىلەن تەپسىلىي پاراڭلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەندىم.

بوۋاي ماڭا، ئۆزىنىڭ ماۋجۇشىغا سالام خەت يازغانلىقىنى، بۇ سالام خەتكە جاۋابەن ئۆزىگە ئاتايىن بۇ رەسىمنى ۋە خەتنى ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۆزى بۇ رامكىنى ياساپ رەسىمنى رامكىنىڭ بىر تەرىپىگە، جاۋاب خەتنى يەنە بىر تەرىپىگە سېلىپ ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

زېھنى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئىللىق چىراي بۇ بوۋاينىڭ: «مەن يازغان خەت ماۋجۇشى شاڭخەيگە بېرىش ئالدىدا تەگكەنىكەن، ئاتايىن جاۋاب خەت ۋە رەسىم ئەۋەتىپتۇ» دېگەن مەزمۇندا سۆزلەپ بەرگەنلىكى ھېلىھەم ئېسىمدە.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئاستى تەرىپىگە ئۈچ غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا دەستە بېكىتىلگەن، تۇجۇپىلەپ ياسالغان رەسىم رامكىسىدىكى 10 سۇڭ ئەتراپىدا كېلىدىغان رەڭسىز رەسىم، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئاشۇ چاغلاردىكى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىغا بېسىلغان رەسىملىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايتتى. رامكىنىڭ يەنە بىر يۈزىدە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان 7 ـ 8 قۇر خەنزۇچە قولىيازما خەت، خەتنىڭ ئاستى تەرىپىدە كۆك سىياھ بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بار ئىدى.

ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتتى. پۈتۈن مەملىكىتىمىز مىقياسىدىكىگە ئوخشاشلا ناھىيىمىزنىڭ ھەر ساھە تەرەققىياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان بۈگۈنكى كۈندە مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئېسىمدە قالغان بۇ تەسىرلىك خاتىرىگە ئاساسەن تەكشۈرۈپ يۈرۈپ، بۇ كىشىنىڭ 70 ياشقا كىرىپ قالغان ئۆگەي ئوغلى مۇھەممەد رېھىم ئاخۇن دېگەن كىشى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن، شۇنىڭدەك پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، چىرا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق مۇدىرى، ئابرۇيلۇق زات مۇھەممەد غازى ھېلىمشاھ دېگەن كىشى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇم.

× × ×

يۇنۇس ئاخۇن راۋاپ 1909 ـ يىللىرى ئەتراپىدا چىرا ناھىيىسى گۈلاخما يېزىسىنىڭ ئارال كەنتىدە ئىمىن ئاخۇن تاراڭگۇ دېگەن كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنيا كەلگەن. يۇنۇس ئاخۇن بۇ ئائىلىدىكى توققۇز بىر تۇغقاننىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، يەتتە، سەككىز يېشىدىن باشلاپ راۋاپ چېلىشنى ئۆگەنگەن. توققۇز پەرزەنت ئىچىدە پەقەت بۇ كەنجى ئوغلىنىڭ راۋاپ چېلىشقا قەۋەتلا ئىشتىياق باغلىغانلىقىنى كۆرگەن ئاتا ئۆز ھۈنىرىنى ئوغلىغا ئۆگەتكەن. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇ تۇرسۇننىياز ئاخۇن دېگەن ئاغىنىسى بىلەن كەنتتىمۇ كەنت، يۇرتمۇيۇرت ئارىلاپ، مەھەللە مەشرەپلىرىنى قىزىتىپ، قىسسە، خەلق

داستانلىرىنى ئوقۇپ ھەم ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى چىرا يېزىسىنىڭ ھوژدا كۆل كەنتىدە ئولتۇ- رۇشلۇق مۇھەممەتتوختى ئاخۇن دورغا بەگ دېگەن ئادەم- نىڭ ئائىلىسىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

ئازادلىقتىن كېيىن تۇرسۇننىياز ئاخۇن دې- گەن كىشى ھوژدا كۆل كەنتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ بىر مەزگىل ئىشلىگەن. يۈنۈس ئاخۇنمۇ يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىشكە قاتنىشىپ بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ ساۋاتسىز بولسىمۇ دۇرۇس نىيەتلىك ئا- دەم بولغاچقا كېيىنكى يىللاردا بەشتە كاپالەتلەندۈرۈل- گەن ئائىلىلەرنىڭ خىزمىتىنى كۆپ يىل ئىشلىگەن.

مۇھەممەت غازى ھېلىمشاھنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى:

مەن يۈنۈس ئاخۇن راۋاپنىڭ مەركەزگە يازغان خېتىنى كۆرگەن. ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنى: مەن 70 ياشقا كىرىپ قالدىم. 40 يىللىق ئۆمرۈم قارا ھاكىمىيەت دەۋرىدە ئۆتتى. بۇ قارا ھاكىمىيەت دەۋرىدە مېنىڭ ھېچقانداق مۈلكۈم، بىرەر ماكانىم يوق ئىدى. ئازاد- لىقتىن كېيىن مەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە يەرگە، ماكانغا، مۈلۈككە ئىگە بولدۇم. ئاخىرقى تىلىكىم، مېنى ۋە ماڭا ئوخشاش يوقسۇللارنى بەختكە ئېرىشتۈر- گەن داھىمىز ماۋجۇشى بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇيۇم بار» دېگەن مەزمۇندا ئىدى.

يۈنۈس ئاخۇن مېنى ئىزدەپ كېلىپ بۇ خەتنى كۆرسىتىپ: «مۇشۇنداق خەت يازدىم، بوپتىمۇ؟» دەپ سورىغانىدى. خەتنى كىمنىڭ يېزىپ بەرگەنلىكىنى ھەمدە بۇ خەت مەركەزگە ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن تەرجىمە قىلىنىپ ئاندىن ئەۋەتىلگەنمۇ ياكى مەركەزگە بارغاندىن كېيىن تەرجىمە قىلىنغانمۇ بۇنى ئېنىق بىلمەيمەن. كېيىن مەركەزدىن جاۋاب خەت كەلدى. جاۋاب خەت: «- كەمبەغەل دېھقان يۈنۈس ئاخۇن، خېتىڭىزنى تاپشۇ- رۇۋالدۇق. ماۋجۇشىنى ۋاقىپلاندۇرۇپ. مۇۋاپىق پەيتتە سىزنى تەكلىپ قىلىمىز. ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ» دېگەن مەزمۇندا ئىدى. خەتنىڭ ئاستىغا «مەركىزىي كومىتېت ئىشخانىسى» دەپ يېزىلغان ھەم تامغا بېسىلغانىدى.

كېيىن يۈنۈس ئاخۇن ماڭا: «يەنە خەت ياز- دىم» دېگەنىدى. بۇ ئىشلار بولۇپ ئاز ئۆتمەي لىن بياۋ ۋەقەسى چىقتى. شۇ سەۋەبلەر بىلەن كېيىنكى خەتنىڭ جاۋابى بولمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خەت يېرىم ئۆم- رى جاھالەتلىك يىللاردا ئۆتكەن، ئازادلىقتىن كېيىن يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشكەن بىر دېھقاننىڭ سەممىي يۈ- رەك سۆزى، قەلب ئىزھارى ئىدى.

يۈنۈس ئاخۇننىڭ ئۆگەي ئوغلى مۇھەممەت رېھىم ئاخۇننىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى:

مەن ئۈچ ياشقا كىرگەندە دادام تۈگەپ كېتكە- نىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن يۈنۈس ئاخۇن دادام، ئانامنى ئەمرىگە ئېلىپ، مېنى بېقىپ قاتارغا قوشقان (يۈنۈس ئاخۇننىڭ ئۆز ئۇرۇقىدىن پەرزەنتى يوق). 1982 – يىلى 8 – ئاينىڭ باشلىرىدا قازا قىپتىكەن. ۋاپات بولۇشتىن تۆت – بەش يىل ئىلگىرى كۆزى بوشراق كۆرىدىغان بولۇپ قالغان. دادام قازا قىلغاندىن كېيىن ئۆي كۆچتۇق. نەۋ- رىلەر رامكىغا ئۆزىنىڭ رەسىملىرىنى سېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئېلىۋېتىپتىكەن. مەن بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن سۈرۈشتۈرسەم نەۋرىلەر بىر – بىرىگە دۆڭگەپ تۇرۇۋالدى. خەتنى، رەسىمنى ۋاقتىدا سۈرۈشتۈرمىگەچكە كېيىن تاپالمىدىم.

× × ×

مەن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەندىن كې- يىن ھېلىقى رەسىم رامكىسىنى ئىزدەپ تېپىپ كۆردۈم. دەستىسى ئېلىۋېتىلگەن بۇ رامكىغا باشقا رەسىملەر ئې- لىپ قويۇلۇپتۇ.

يۈنۈس ئاخۇن راۋاپنىڭ ئۆگەي ئوغلى 70 ياشقا كىرىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بوۋاينىڭ ئۈچ نەۋرىسى (يەنى يۈنۈس ئاخۇن راۋاپنىڭ ئۆگەي نەۋرىلىرى) ئاشۇ ما- لىمان يىللاردا مۇكەممەل ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولال- مىغان دېھقانلار بولغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە بولغان بۇ رەسىم ۋە خەتنى (خەتنىڭ تەرجىمىسىنى يۈنۈس ئاخۇن ئۆزى قىلدۇرغانىكەن) بە- خەستلىك قىلىپ ساقلاپ قالالمىغان.

بۇ سالام خەت ۋە جاۋاب خەت يېزىلغىنىغا 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولغان بۈگۈنكى كۈندە بىز ئاددىي بىر دېھقاننىڭ ئادەتتىكى بىر پارچە سالام خېتىنىڭ ئېتىبار- سىز قالدۇرۇلمىغانلىقىنى، ئۆز لايىقىدا جاۋاب قايتۇ- رۇلغانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، ئەينى چاغدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولغان يولداش جۇ ئېنلەي قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئۆزلىرى بە- لەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى بېلىق بىلەن سۇدەك مۇناسىۋەتكە نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، بۇ پ- رولېتارىيات ئىنقىلابچىسىنىڭ كىچىك پېئىل، ئالىي- جاناپ ئوبرازىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش تەكىتلىنىۋاتقان، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆتكۈشلۈق ئېلىپ بېرىلىشى يۇقىرى سا- پالىق كادىرلار قوشۇنىنىڭ بولۇشىنى مۇھىم بىر شەرت قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل ئالىيجاناپ روھ، ئا- لىيجاناپ خىسلەت ۋە خىزمەت ئىستىلى بىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

[illegible]

[illegible]

## ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەر دىققىتىگە:

ژۇرنىلىمىز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە ئۇچۇرلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ھەر مىللەت خەلق ۋەكىللىرىنىڭ دېموكراتىيە ئېڭىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق تۈزەش روھىنى ئۇرغۇتۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقاتچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىكىلەر، ۋەكىللەر، جەمئىيەت ۋە ھەر ساھەنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندى. بۇنى بىز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى، مۇدىرلار يىغىنى ۋە ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ غەمخورلۇقى شۇنداقلا سىلەرنىڭ يېقىندىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىڭلارنىڭ نەتىجىسى، دەپ ھېسابلايمىز. تەھرىر بۆلۈمىمىز سىلەرگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىللە بۇندىن كېيىن تېخىمۇ مول مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىڭلارغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ تۆۋەندىكىدەك ئۈمىدلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1. ماقالە ئۆلچەملىك قەغەزگە قۇر تاشلاپ يېزىلىشى، ئىملا توغرا، ئوچۇق بولۇشى كېرەك.

2. ئەۋەتىلگەن ماقالىلەردە كۆز قاراش ئېنىق، ئېلىنغان نەقىل ۋە ستاتىستىكىلار ئىشەنچلىك بولۇشى، نەشىر قىلىنغان ۋاقتى، ئورۇن، ماتېرىيال ۋە تىل قاتارلىقلارغا روشەن ئىزاھات بېرىلىشى لازىم.

3. ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەرنىڭ تىلى راۋان، ئاممىباب، ئىخچام ۋە سۈپەتلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

4. كەسپىي ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ماقالىڭىز بىرلا ئورۇنغا ئەۋەتىلىشى ۋە ئۆزىڭىزگە بىر نۇسخا ماقالە ئورگىنالى قالدۇرۇلۇشى كېرەك.

5. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالە قايتۇرۇلمايدۇ، ئەگەر ماقالىڭىز ژۇرنىلىمىزدا ئۈچ ئايغىچە ئىشلىتىلمىسە، باشقا ئورۇنلارغا ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ. ئىشلىتىلگەن بولسا قەلەم ھەققىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىزدىن بىر نۇسخا تەقدىم قىلىنىدۇ.

6. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىڭىز ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن، باشقا ئورۇنغا بېرىلگەنلىكى ياكى ئېلان قىلىنغانلىقى بايقالسا بىردەك ئىشلىتىلمەيدۇ.

7. ژۇرنىلىمىزغا قەرەلسىز مۇشتەرى بولۇشقا بولىدۇ.

ژۇرنىلىمىز بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ سەھىپە ۋە مەزمۇنلىرىنىڭ تېخىمۇ مول، مۇقاۋا ۋە تېكىستلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆركەم، تېخىمۇ كىشىلىك بەت ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ جەلپكار بولۇشىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كۆپلەپ ماقالە ئەۋەتىشىڭلارنى، تەنقىد، ئىجابىي تەكلىپلەرنى بېرىشىڭلارنى ۋە ئۆزلۈكسىز قوللاپ يېقىندىن ھەمكارلىشىشىڭلارنى سەمىمىي قارشى ئالىدۇ.

تېنىڭلارغا سالامەتلىك، خىزمىتىڭلارغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ:

**ھۆرمەت بىلەن**

**شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلى**
**ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**




مەملىكەت بويىچە 2 . دەرىجىلىك كارخانا





ئاپتونوم رايون بويىچە 1 دەرىجىلىك كارخانا



نېفىت، خىمىيىۋى ئوغۇت، خىمىيىلىك تالا مەھسۇلاتلىرى مەملىكەت بويىچە داڭلىق، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات دېگەن نامغا ئېرىشتى.




ئۇدا 6 يىل 500 چوڭ سانائەت كارخانىسى دېگەن نامغا ئېرىشكەن.




مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىشتە ئىلغار ئورۇن




سۈپەت باشقۇرۇش مۇكاپاتى

# ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى



ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئاھالىلەر رايونى



ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى باغچىسى



ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىدا تەربىيىلەنمەكتە

چېن جيەنخۇڭ فوتوسى


# ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى



باش زاۋۇت باشلىقى: ۋاڭ يۇڭمىڭ

ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى جۇڭ-گو نېفىت تەبىئىي گاز باش شىركىتى گۇرۇھى قارىمىقىدىكى نېفىت ئايرىش، خىمىيۋى ئوغۇت، سۇلياۋ، خىمىيلىك تالا ئىشلەپچىقىرىش بىر گەۋدە قىلىنغان دۆلەت كارخانىسى، ئۇ ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - دەرىجىلىك، دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك كارخانىسى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئالاھىدە چوڭ نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىسى ھېسابلىنىدۇ. كارخانىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 14 مىليارد 500 مىليون يۈەن، رەسمىي ئىشچى - خىزمەتچىسى 13 مىڭ 600 بولۇپ، باشقۇرغۇچى ۋە تېخنىك خادىملار 4300 دىن ئاشىدۇ، بۇ كارخانا 6 چوڭ تۈر بويىچە 68 خىل نېفىت خىمىيە تالا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. 1992 - يىلدىن ھازىرغىچە 100 تۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ كارخانا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ «مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالى» قاتارلىق شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى چېن جيەنخۇڭ تارتقان، ۋاڭ شىنپىڭ لايىھىلىگەن




مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئارىتلۇق ئوغۇت بازىسى — خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى



تېرموئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تىزگىنلەش بۆلۈمى





غاربىي شىمال بويىچە ئەڭ چوڭ خىمىيۋى تالا بازىسى — خىمىيۋى تالا زاۋۇتى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1033/D-W باھاسى 2.40 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433